2007. 3

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال
شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال



# بۇلاق

源泉（布拉克）⊙ BULAK

ISSN 1005-0876
06>
9 771005 087006

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



«مىڭ بىر كېچە» قىسسىسىدىكى «ئەلى بابا ۋە قىرىق قاراقچى» ھېكايىسىگە سىزىلغان قىستۇرما رەسىم. رەسىمدە مارجانە قاراقچىلار كاتتىۋېشىنىڭ ئالدىدا ئۇسسۇل ئويناماقتا.

رېئون كار (ئامېرىكا) سىزغان



«مىڭ بىر كېچە» قىسسىسىدىكى «ئەلى بابا ۋە قىرىق قاراقچى» ھېكايىسىگە سىزىلغان قىستۇرما رەسىم. رەسىمدە مارجانە قاراقچىلار كاتتىۋېشىنىڭ ئالدىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ.

رېيون كار (ئامېرىكا) سىزغان

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

28 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 114 - سان

# ئەرەب ئانىسىنىڭ قىزىغا نەسىھىتى

بىر ئەرەب ئانا قىزىنىڭ تويى كۈنى ئۆيلۈملۈك قىزىنى كۈيئوغلىغا تاپشۇرغاندا مۇنداق دەپ نەسىھەت قىلىپتۇ:

— قىزىم! ئۆسۈپ بولغان ئۆيىڭدىن چىققىنىڭ، بىلمىگەن تۆشەككە كىرىشىڭ، تونۇمىغان، نە تونۇمىغان كىشىگە يولداش بولدۇڭ. ئەمدى ئۇ شۇ يولدىشىڭغا سەن يار بولغىن! ئۇ ساڭا كۆك بولۇر، سەن يەر كەبى ئاستىدا تۇر! ئۇ ساڭا كۆك شەكلىدە سايە بولۇپ تۇرۇر ۋە شەپائەت يامغۇرلىرى بىلەن كۆك يەرنى راھەتلەندۈرگەنگە ئوخشاش، ئۇمۇ ساڭا مەرھەمەتلىك بولۇر. سەن ئۇنىڭغا تۆشەك بول! ئۇ ساڭا تىرەك بولۇر؛ سەن ئۇنىڭغا كېنىزەك بول! ئۇ ساڭا قول بولۇر. مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار ئۈچۈن ئۇنى زورلىما! چۈنكى بۇنداق ئىش خاپىلىققا سەۋەب بولۇر. ئۇنىڭدىن يىراق بولما، ئۆزۈڭنى ئۇنتۇلدۇرسەن. نەقەدەر يېقىن بولساڭ، سېنىمۇ شۇ قەدەر يېقىن بول. ئۇنىڭ بۇرنىنى ئەسكى ۋە سېسىق پۇراقلاردىن، قۇلىقىنى يامان، شەخسىيەتكە تېگىدىغان زەھەرلىك سۆزلەردىن ساقلا. پاك ۋە پاكىزلىققا ئادەت قىل، سەندىن ھەر ۋاقىت خۇشبۇيلۇق ۋە خۇشخۇيلۇق كېلىپ تۇرسۇن. سۆزۈڭنى شېرىن، يۈزۈڭنى ئوچۇق قىل، ئېرىڭ ياخشى ۋە مۇلايىم سۆزلەردىن باشقىنى سەندىن ھېچقاچان ئاڭلىغۇچى بولمىسۇن. كىر كىيىم ۋە رىغبەتسىز قىياپەت بىلەن ئېرىڭ كۆزىگە كۆرۈنمە. ئادەتتىكى كۆرۈنۈش چاغلىرىدا ئېرىڭ سېنى رىغبەتسىز رەۋىشتە كۆرمىسۇن، يېڭى گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان خۇشخۇي چىرايىڭ بىلەن كۆرسۇن.

خەتتات: ئابلىمىت ئوسمان

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

# بۇلاق

2007 ـ يىللىق 3 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

قىسسەئى مەشرەب ........................................................ خاجە ئەھمەد (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەد بۇگۇ

### بىزنىڭ ۋەسىقىلىرىمىز

شىنجاڭ ۋە پەرغانىدە تېپىلغان مازار ھۆججەتلىرى ........... سوگاۋارا جۇن، كاۋاخارا يايوئى [ياپونىيە] (33)
مۇسا جەرۇللاھنىڭ ئۆمەر بايغا مەكتۇپى ........................................................ (48)

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇلباقى ھاجىم، يۈسۈپ ئىگەمبەردى

### ئەدەبىي مۇھاكىمە

شائىر ئەھمەد يەسسەۋى ھېكمەتلىرىدە ئەخلاق تېمىسى ............... ئەمەت دەرۋىش (58)
نادىر مەسەل ـ چۆچەكلەر خەزىنىسى «كەلىلە ۋە دىمنە» ............... مۇھەممەدتۇرسۇن تۇردى (70)

### مەدەنىيەت تەتقىقاتى

قەدىمكى ئانىلىرىمىزدا گۈزەللىك قارىشى ............... ئابلىز مۇھەممەت سايرامى (79)

## تېبابەت دۇردانىلىرى

ئون نەسىھەت ........................................ ئارىستوتېل (83)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: جاپپار ئەمەت

## بىزدىكى مائارىپ

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئاياللار تەربىيىسى ھەققىدىكى ئىلغار قاراشلىرى ۋە ئۇنىڭ زامانىمىزدىكى ئەھمىيىتى
........................................ ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى (86)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

كارۋان بايۋەچچە (چۆچەك) ........................ رەتلىگۈچى: بۇنىسا ھېزىم (91)
ئاجايىپ ھۈنەر (چۆچەك) ........................ رەتلىگۈچى: پاتىگۈل ئابدۇل (104)
ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ........................................ (108)
مۇھەببەت قوشاقلىرى........................ توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇرازاق مۇھەممەتنىياز (108)
باللار قوشاقلىرى........................ توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: تۆمۈر قادىر، تۇرسۇنتوختى سۇلايمان (110)

※

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: **تارىم قىسسىسى** (پەرھات ئىبراھىم سىزغان)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى
مۇھەررىر: دىلئارا مۇھەممەتتۇرسۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مەخسۇت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

**تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2815971 (0991)**
**تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 (0991)**

www.uyghurkitap.com





# قىسسەئى مەشرەب[1]

خاجە ئەھمەد

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەد بۆگۈ

ئىشان مەشرەب كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنى ۋىلايىتى غەجدەۋاندا كۆردى. دوقمۇشقا كەلگەندە كۆزىگە بىر جۇۋان كۆرۈندى. ئىشان مەشرەب ئۇ جۇۋاننىڭ شەرىپىگە «ئەلىف لام» نى ئوقۇدى.

ئىشان مەشرەب بۇ غەزەلنى ئوقۇغان زامان چوكان ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. قايتا چىقمىدى. ئىشان مەشرەب گوياكى مەست، پەرىشان ھالەتكە گىرىپتار بولۇپ، قولىغا ساتارنى ئېلىپ غەنەمەئى داۋۇد[2]نى بەرپا قىلىپ، مۇخەممەس ئوقۇدى.

ئىشان مەشرەب بۇ غەزەلنى ئوقۇغان زامان چوكان ئۆيىدىن چىقىپ تۇردى. ئىشان مەشرەب چوكانغا قاراپ غەزەل ئوقۇدى:

ئول دىلبەرى رەئنانى مەن يار تۇتاي دەرمەن،
مەي بەرسە ئەگەر ئاندىن بىر قەترە يۇتاي دەرمەن.

بۇ چوكاننىڭ دادىسى بار ئىدى. ئۇ راستچىل، مۇرۇۋۋەتلىك كىشى ئىدى. ئۇ ئاتەش نەپەس، يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان، قولىدا ساتار، پوتلا - پوتلا چاچلىرى بېلىگە چۈشكەن، ئاجايىپ ئاشىقانە غەزەل ئوقۇپ تۇرغان مەشرەبنى كۆرۈپ:

— ئەي قەلەندەر، ئېتىڭ نىمە؟ قەيەردىن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى. ئىشان مەشرەب ئۇ كىشىنىڭ سورىغىنىغا جاۋابەن بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا. بۇ ئەسەرنىڭ يەنە بىر نۇسخىسى «مەشرەب قىسسىسى» نامىدا قەشقەر ئۇيغۇر خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغانلىقى ھەم «مەشرەب شېئىرلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بىر قىسىم شېئىرلىرى قىسقارتىلدى. بۇ شېئىرلارنىڭ تولۇق تېكىستىنى ئوقۇرمەنلەر يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن نۇسخىلاردىن كۆرۈۋالار دېگەن ئۈمىدتىمىز.

② نەغمەئى داۋۇد (نەغمەئى داۋۇدى) — مۇزىكىدا بىر كۈينىڭ نامى.

بۇ كۈن شۇرىدەدۇرمەن، غەم بىلەن غەمخانە مەشرەبمەن،
فەراغەتدىن يىراق، خەلق ئالىدىدا بىگانە مەشرەبمەن.

چوكاننىڭ دادىسى ئىشان مەشرەبنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ۋاقىت كەچ بولدى. خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، چوكاننىڭ دادىسى قىزىنى يېتىلەپ كېلىپ، ئىشان مەشرەبكە نىياز قىلدى. ئىشان مەشرەب گويا مەست ـ پەرىشان بولۇپ، چوكانغا نەزەر قىلماي ئۆيدىن چىقىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

دەردىم ئۇتىغە يارۇ بەرادەر چىدايالماس،
بەلكىم پەرەدۇ خاھەرۇ مادەر چىدايالماس.

ئىشان مەشرەب بۇ غەزەلنى ئوقۇپ تۇراتتى، بىر مويسىپىت كىشى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:
— ئەي مەشرەب، نېمىگە بۇنچە پەرىشان بولىسەن؟ تېخى كۆزۈڭدىن ياش تۆكۈپ غەزەل ئوقۇۋاتىسەن، نەگە بېرىشنى خالايسەن؟ — دېدى. ئىشان مەشرەب:
— ئەي ھاجى ئابدۇرەھىم، كۆڭلۈم ھەزرىتى خاجە ئابدۇخالىق غەجدەۋاننىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلماقنى خالايدۇ، — دېدى. مويسىپىت كىشى:
— ئەي بالام، مېنىڭ ئېتىمنى قانداق بىلدىڭ ؟ مېنى قەيەردە كۆرگەنىدىڭ ؟ — دېدى. ئىشان مەشرەب:
— ئەزەل قىسمىتىدە — ئەرش قەلئەسىدە مېنىڭ روھىم سىزنىڭ روھىڭىز بىلەن بىللە ئىدى. مېنى ئىلگىرىمۇ ئۆزلىرى تەربىيەت قىلغانىدىلە، ھېلىمۇ ئۆزلىرى تەربىيەت قىلغان بولسىلا، ئۈمىدىم ھاسىل بولار ئىدى، — دېدى. ھاجى ئابدۇرەھىم:
— ئەي پەرزەنت، سېنىڭ پەم ـ پاراستىڭگە رەھمەت ! — دەپ ئىشان مەشرەبنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ھەزرىتى خاجە ئابدۇخالىق غەجدەۋاننىڭ قەبرىسىگە ئېلىپ باردى. ئابدۇرەھىم ئىشان مەشرەبنى شۇ مۇقەددەس قەبرىدە تەربىيەت قىلدى:
— ئەي پەرزەنت، ياخشىلارنىڭ قەدىمىدىن ئايرىلما ۋە بەتبەختلەرنىڭ سۆھبىتىگە قوشۇلما، پاسىقلار ھەققىدە دۇئا قىلغىن ! خۇدايىتائالا تەۋپىق ئاتا قىلغاي ...
ھاجى ئابدۇرەھىم:
— ئەي مەشرەب، سېنى خۇدايىتائالا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي ! — دەپ غايىب بولدى. ئىشان مەشرەب مەست ـ پەرىشان بولۇپ، بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

سەئيى قىلغىل گەنجى دىن قولدىن جۇدا بولماي تۇرۇپ،
تا لەھەدكە گەردى سېنىڭ دىيدەڭگە جا بولماي تۇرۇپ.

ئەمما، شۇ ئارىدا چوكاننىڭ دادىسى قىزىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئىشان مەشرەبنى ئىزدەپ ئارقىسىدىن كەلدى ۋە:
— ئەي مەشرەب، بۇ پەرزەنتىمنى سىزگە نەزىر قىلغانىدىم، نېمە سەۋەبتىن تاشلاپ كېتىپ

قالدىڭىز؟ — دېدى. ئىشان مەشرەب:

— سىز بۇ يەردە جىنىدەك تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن بۇزرۇكلەردىن بېشارەت تىلەپ قېشىڭىزغا كېلەي، — دەپ بىر گۇمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. گۇمبەزدە بىر سوپى ئولتۇرۇپتۇ. ئىشان مەشرەپ:

— ئەي سوپى، بۇ يەردە نېمە قىلىپ ئولتۇرىسەن؟ — دېدى. سوپى:

— مېنىڭ بۇ يەردە تورۇۋاتقىنىمغا ئۈچ ئاي بولدى. يېشىم ئەللىك بەشكە يەتتى. بۇ دۇنيادىن بويتاق ھالەتتە كېتىپ قالغۇم يوق. بۇزرۇكلاردىن بېشارەت، خۇدايىتائالادىن بىر روزغار ئاتا قىلىشنى تىلەپ يۈرۈپتىمەن، — دېدى. ئىشان مەشرەب:

— ئەي سوپى، مەن ساڭا بىر روزغار تېپىپ بېرەي. ئۇ مەزلۇمدىن بىرەر پەرزەنت ۋۇجۇدقا كەلسە، ئېتىنى موللا مۇھەممەد نەزەر قويغايسەن. سېنىڭ ئۇ پەرزەنتىڭ شەيخ باغدادىدىن تەربىيەت تاپسا كېرەك. ساڭا نەسىھىتىم شۇكى، ھەزرىتى خاجە ئابدۇخالىق غەجدەۋانىنىڭ قەبرىگاھىدىن يىراق بولما. تا ئۆلگۈچە شۇ قەبرىگاھ ئەتراپىدا بولغايسەن، — دەپ چوكاننى سوپىغا نىكاھلاپ بېرىپ، ئۆزى ھەمەدان شەھىرىنى ئىختىيار قىلىپ راۋان بولدى. كۆردىكى، يەتتە ئالىم بۇخارادىن چىقىپ يولدا كېتىپ بېرىپتۇ. ئىشان مەشرەب بۇ ئالىملاردىن:

— ئەي ئالىملار، قايسى ۋىلايەتنى ئىختىيار قىلدىڭىزلار ۋە قايسى ئەزىزنىڭ خىزمىتىگە بارىسىزلەر؟ — دەپ سورىدى. بۇ ئالىملار:

— بىز ھەمەدان ۋىلايىتىنى ئىختىيار قىلدۇق ۋە شەيخ نۇرىدىن دېگەن ئەزىزنىڭ خىزمىتىنى ئۆزىمىزگە مۇۋاپىق كۆردۇق، — دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئىشان مەشرەب بۇ سۆزنى ئىشىتىپ مەست پەرىشان بولۇپ، بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

كىشىنىڭ دەردى بار بولسا قىلۇر ئاھى سەھەر فەيدا،
ۋە لېكىن بولماغاي بەتبەختلەرگە چەشمى تەر فەيدا.

ئىشان مەشرەب بۇ غەزەلنى تامام قىلغان زامان ئالىملار:

— ئەي شاھ، بىز سىزنى تونۇمايدىكەنمىز. ئۆزىڭىزنى ئىزھار قىلىڭ، — دېدى. ئىشان مەشرەب بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

غۇبارىمنى بەيانىن سوراساڭ بادى سەبادىن سور،
سارىغ رەڭگىم ھەدىسىن زەئفەرانىي كەھرەبادىن سور.

ئىشان مەشرەب بۇ غەزەلنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئالىملار ئىشان مەشرەبنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى ۋە «ئەي شاھىم، بىز سىزنى تونۇماپتۇق» دەپ زار ـ زار يىغلاشتى. ئىشان مەشرەب:

— ئەي موللىلار، بۇخارا شەھىرىدە موللا ئابدۇرەھمان ۋەسۋاس دەپ بىر ئەزىز بار. شۇنىڭ خىزمىتىگە بېرىڭلار، — دەپ بېشارەت بېرىپ، ئۆزى ھەمەدان ۋىلايىتىگە — شەيخ نۇرىدىن ھەمەدانىنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

ئارى، سەن راست ئايتاسەن بىر مەرد مىڭ جان ئاختارۇر،
روسىيەھلەرنى بۇ كۇن ھەر يەردە شەيتان ئاختارۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىشان مەشرەب بۇ غەزەلنى تامامىغا يەتكۈزگەندىن كېيىن، ھەزرىتى شەيخ نۇرىدىن بىسيار خۇش بولۇپ مۇرىتلىرىغا:

— ئەي سوپىلار، ئۇلۇغ بوۋامدىن قالغان زەردىن توقۇلغان بىر نېمچە بار، شۇنى كەلتۈرۈڭلار، مەشرەب كىيسۇن! — دېدى.

سوپىلار نېمچىنى كەلتۈرۈپ ئىشان مەشرەبكە كىيدۈردى. ئىشان مەشرەب بۇ نېمچىنىڭ ياقىسىغا قاراپ كۆردىكى، نېمچىنىڭ ياقىسى لەئلى - ياقۇت، ئالماس - مارجان قاتارلىق جاۋاھىرلاردىن ھەل بېرىپ ئىشلەنگەنىدى. بۇنىڭدىن ئىشان مەشرەبنىڭ ھالى پەرىشان بولۇپ: «مەن بۇ چاغقىچە مال - دۇنيادىن ئۆزۈمنى يىراق تۇتۇپ كەلدىم. بۇ دۇنيانىڭ ماڭا لازىمى يوق» دەپ نېمچىنى ئوتقا سالدى. شەيخ نۇرىدىن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ پەرىشان بولۇپ:

— ئەي مەشرەب، بۇ تەۋەررۈك نېمچىنى ئوتقا سالدىغانغا نېمە سالاھىيىتىڭ بار ئىدى؟ — دېدى.

ئىشان مەشرەب:

— سىز بىر پىرى كامىل تۇرۇپ تېخىچە مېنىڭ سالاھىيىتىمدىن خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟ — دەپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

ئادەمىي، لېكىن ھەقىقەتتە ھەۋانىڭ رۇھىمەن،
نەۋھەگەرمەن نۇھدەك ئول پادشاھنىڭ رۇھىمەن.

شەيخ نۇرىدىن بۇ غەزەلنى ئاڭلاپ:

— ئەي مەشرەب، ئەگەر يۈز مىڭ نېمچە بولسىمۇ، سەن ئۇچۇن تەسەددۇق، — دەپ سوپىلىرىنى موللا مۇھەممەد نەزەر باغدادىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. سوپىلار بېرىپ موللا مۇھەممەد نەزەر باغدادىنى چاقىرىپ كەلدى. شەيخ:

— ئەي موللا مۇھەممەد نەزەر باغدادى، «خەتى ئىرشاد» پۈتكىن، مەشرەبكە ئىرشاد خېتى بېرەي، — دېدى. موللا مۇھەممەد نەزەر «خەتى ئىرشاد» پۈتۈپ شەيخقە بەردى. شەيخ مۆھۈرىنى بېسىپ خەتنى مەشرەبكە بەردى. ئىشان مەشرەب خەتنى ئېلىپ:

— ئەي شەيخ، مېنىڭ ئۇستازىم باردۇر. ئاۋۋال مەن ئانامنىڭ قورسىقىدىكى چاغدا شەيخ نەجمىددىن كۇبەرايى ۋەلىدىن «روھانىيەت» ئىلمىدىن تەربىيەت تاپقانمەن؛ ئىككىنچى، يەر يۈزىگە چۈشكەندە ھەزرىتى شەيخ «ۋىرد»①تىن تەربىيەت قىلدى؛ ئۈچىنچى، ھەزرىتى شەيخ يەنە «مەسلەھەت» ئىلمىدىن تەربىيەت قىلدى؛ تۆتىنچى، ھەزرىتى بابا شاھنىڭ تەربىيىتىدە بولدۇم؛ بەشىنچى، ھەزرىتى شەيخ ئەھمەدنىڭ تەربىيىتىدە بولدۇم؛ ئالتىنچى، ھەزرىتى شەيخ سەئىدنىڭ تەربىيىتىدە بولدۇم؛ يەتتىنچى، ھەزرىتى شەيخ ھاجى ئابدۇرەھمىنىڭ تەربىيىتىدە بولدۇم؛ سەككىزىنچى، ئافاق خوجا مەخدۇم ئەئزەمنىڭ خىزمەتلىرىدە بولدۇم. مانا شۇ تاپتا سىزنىڭ ئاستانىڭىزگە كەلدىم. خىيالىڭىزدا «مەشرەب ماڭا مۇرىت بولغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ قاپسىز. ئەمما، مەن شۇنچە پىرلاردىن ۋاز كېچىپ، سىزگە مۇرىت بولۇشنى ئىختىيار قىلمىاسمەن. ئەگەر ماڭا ئىلتىپات قىلىپ رۇخسەت خېتى بېرەي دېسىڭىز، تامام روھانىيەت پەيغەمبەرلەرنى، ئاشىقلار ۋە زاھىتلارنى، دانالار ۋە سادىقلارنى ...

① تەرك قىلماي دائىم بېجىرىپ تۇرىلىدىغان ۋەزىپە، دۇئا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھازىر قىلىڭ. شۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن رۇخسەت خېتى ئالاي، ــ دەپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

ماڭا ئىرشاد بېرەي دېسەڭ ئادەمنۇ، ھەۋانى ھازىر قىل،
غەرىبۇ خەستەمەن، نۇھى نەبىيۇللاھنى ھازىر قىل.

ئىشان مەشرەب بۇ غەزەلنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن:
ــ شۇ روھانىيەتلەرنى ھازىر قىلالىساڭ، «خەتى ئىرشاد» بەرگىن، بولمىسا ماڭا بۇ خەتنىڭ لازىمى يوق، ــ دەپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

مۇژدە ھەقدىن تەگدى ماڭا پادىشاھ بولدۇم بۇ كۈن،
مەرھەمەت بابىغە مەن ساھىب دۇئا بولدۇم بۇ كۈن.

ئىشان مەشرەب بۇ غەزەلنى ئوقۇپ رۇخسەت تىلىدى. ھەزرىتى شەيخ نۇرىددىن ئاجىز كېلىپ:
ــ ئەي مەشرەب، قايسى ۋىلايەتنى ۋە قايسى ئەزىزنىڭ سۆھبىتىنى ئىختىيار قىلدىڭىز؟ ــ دېدى. ئىشان مەشرەب:
ــ خانەئى مۇبارەك ۋە مەدىنەئى مۇنەۋۋەرنى ئىختىيار قىلدىم، ــ دېگەنىدى، ھەزرىتى شەيخ نۇرىددىن: «خۇدايىتائالا مەقسىتىڭىزگە يەتكۈزگەي !» دەپ دۇئا قىلدى. موللا مۇھەممەد نەزەر باغدادى ۋە دىۋانەئى پانساد ــ بۇ ئىككى ئەزىز ئىشان مەشرەبكە ھەمراھ بولۇپ يولغا راۋان بولدى. كۆردىكى، ئالدىدا ــ يول ئۈستىدە بىر ئادەم سەجدە قىلىۋېتىپتۇ. ئىشان مەشرەب:
ــ ئەي موللا مۇھەممەد نەزەر، بۇ نېمە ئادەم؟ ــ دېدى.
موللا مۇھەممەد نەزەر كۆردىكى، بىر سوپى بىر ساندۇقنى بېشىدا كۆتۈرۈۋاپتۇ. ئۇ يەتتە قەدەم يول يۈرۈپ، ساندۇقنى بېشىدىن ئېلىپ يەردە قويۇپ سەجدە قىلىۋاتقۇدەك. ئاندىن ساندۇقنى يەنە بېشىغا ئېلىپ يولغا ماڭغۇدەك. يەنە يول يۈرۈپ، ساندۇقنى يەرگە قويۇپ سەجدە قىلىۋاتقۇدەك.
ھەزرىتى ئىشان مەشرەب ئۇ سوپىغا يېتىشىپ بېرىپ سورىدى:
ــ ئەي سوپى، سەن ئۇنى بېشىڭدا كۆتۈرۈۋاپسەن. يەتتە قەدەم يول يۈرۈپ، ساندۇقنى يەرگە قويۇپ سەجدە قىلىۋاتىسەن. يولۇڭ شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىۋاتىدۇ. بۇ ساندۇقنىڭ ئەھۋالىنى ماڭا بايان قىلسالا. بۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدە نېمە بار؟ ــ دېدى. سوپى:
ــ ئەي مەشرەب، بۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى مېنىڭ پىرىم شەيخ بەسرىي سانى بولىدۇ. ئۇ بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغانىدى. ئوتتۇز يىلدىن بېرى بۇ ساندۇقنى بېشىمدا كۆتۈرۈپ يۈرىمەن، ــ دېدى.
ئىشان مەشرەب زاھىر كۆزلىرىنى يۇمۇپ، باتىن كۆزلىرى بىلەن بۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى شەيخنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. مەلۇم بولدىكى، شەيخ دۇنيادىن بىئىمان كېتىپتۇ. ئىشان مەشرەب شەيخنىڭ جەسىتىگە قارىتا بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

ئالەمى فانىغە كەلدىڭ چەشمى گىريانىڭ قانى؟
تەننى قىلدىڭ فەرۋەرىش مالۇ فەراۋانىڭ قانى؟

ئىشان مەشرەب ئېيتتىكى:

— ئەي سوپى، بۇ ساندۇقنى سۇندۇرۇپ ئوت قالاپ ماڭا چاي قاينىتىپ بەرگىن. چاينى ئىچەيلى. ئاندىن ئۆزۈڭنى بىر ئەزىز مەرد كىشىگە تاپشۇراي. سېنىڭ مېھنىتىڭ زايا كەتمىسۇن!

سوپى بۇ ساندۇقنى سۇندۇردى. كۆردىكى، ئىچىدىن بىر توڭگۇز چىقىپ قاچتى. سوپى بۇ ۋەقەدىن باھار بۇلۇتىدەك زار - زار يىغلاپ، ياقىسىنى يىرتىپ:

— ئەي ئىشان مەشرەب، مەن خاتا قىپتىمەن. ئوتتۇز يىلدىن بېرى بۇ توڭگۇزنى بېشىمدا كۆتۈرۈپ يۈرۈپتىمەن. ئوتتۇز يىللىق مېھنىتىم زايا كېتىپتۇ، — دەپ نالە قىلدى. ئىشان مەشرەب قولىنى سوپىنىڭ بېشىغا قويۇپ:

— ئەي سوپى، تولا غەم يېمىگىن. ئىنشائاللاھ، مەن سېنى بىر مەرد - ئەزىز ۋە كارامەت ئىگىسىگە تاپشۇراي، — دېدى.

سوپى تۆۋا - ئىستىغپار قىلىپ، خۇشال بولۇپ ئۆز يولىغا راۋان بولدى. ئىشان مەشرەب بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

يەتتە دەۋزەخ مەردى ھەقنىڭ ئالدىدا گۈلزاردۇر،
قول تۇتارغە رەھنەمۇدۇم ئەھمەدى مۇختاردۇر.

ئەلقىسسە، ئىشان مەشرەب يولنىڭ تانابىنى ئۆز ئىختىيارىغا تارتىپ، شۇ يۈرگەنچە ۋاقىت - سائىتىدە شور دەرياسىنىڭ لېۋىگە يەتتى. دەريا لېۋىدە شەيخ ئاللايا ئۈچ يۈز ئاتمىش مۇرتى بىلەن تۇراتتى. بۇ شەيخ تامام بىدئەتچىلەرنىڭ پىرى ئىدى. ئۇ خەلقنى ئۆزىگە قارىتىۋالغانىدى. ئىشان مەشرەب:

— ئەي كۇپپارلارنىڭ سەردارى، بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟ خالايىقنى ئۆزۈڭگە قارىتىپ، ئۆز دىنىدىن بىگانە قىلىپ، ھەممە يەرنى بۇلغىدىڭ. ئەمدى خانەئى كەبىنى بۇلغاي دەمسەن؟! ئەي بەتبەخت، ناپاك! — دېدى. شەيخ مۇرىتلىرىغا:

— بۇ دىۋاننى كېمىگە چىققىلى قويماڭلار! — دېدى. ئىشان مەشرەبلەر جەمئىي تۆت كىشى ئىدى. بۇ شەيخ — بەتبەختلەر ئۈچ يۈز ئاتمىش تەن ئىدى. مۇرىتلار ئىشان مەشرەب ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى كېمىگە چىققىلى قويمىدى. ئىشان مەشرەب موللا مۇھەممەد نەزەر باغدادىغا:

— ئەي موللا مۇھەممەد نەزەر، مېنىڭ جايناماز ىمنى ئېلىپ كېلىپ سۇنىڭ ئۈستىگە سالغىن! — دەپ ئەمر قىلدى. موللا مۇھەممەد نەزەر باغدادى ئىشان مەشرەبنىڭ جاينامىزىنى ئېلىپ كېلىپ، سۇنىڭ ئۈستىگە سالدى. ئىشان مەشرەب «بىسمىللاھىر - رەھمانىر - رەھىم» دەپ «ئىلمى ھېكمەت»نى ئوقۇپ جايناما زنىڭ ئۈستىدە قارار تاپتى. ئىشان مەشرەبنىڭ پەرمانى بويىچە موللا مۇھەممەد نەزەر، دىۋانە پانساد، سوپى خاكسار ئۈچەيلەن جاينامازنىڭ ئۈچ بۇرجىكىدىن ئورۇن ئالدى. ئىشان مەشرەب يۈزىنى قىبلە تەرەپكە قىلىپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

يانە دەرگاھىڭغە كەلدىم «قازىيۇل - ھاجات» دەپ،
مىڭ بىر ئاتىڭنى تۇتۇپ «يا سامىئۇل - ئەسۋات» دەپ.

ئىشان مەشرەب مۇناجاتنى تاماملىغا يەتكۈزۈپ دەريانىڭ لېۋىگە چىقتى. قارىسا شەيخ ئاللايار ئۈچ يۈز ئاتمىش مۇرتى بىلەن دەرياغا غەرق بوپتۇ. ئىشان مەشرەب بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ:

— ئەي موللا مۇھەممەد نەزەر، كۆردۈڭمۇ؟ ھەزرىتى ھەق سۇبھانە ۋەتائالا بۇ بىئەدەپلەرنىڭ جاجىسىنى بېرىپتۇ، — دېدى ۋە مۇناجات قىلىپ دەرياغا قول ئۇزاتتى. كىمنىڭ ئىچىدە يەتتە مۇسۇلمان كىشى بار ئىدى. ئىشان مەشرەبنىڭ رەھمى كېلىپ، ئۇلارنى دەريادىن چىقىرىۋالدى. ئاندىن يولغا راۋان بولۇپ، بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

تا زەبانىڭ لالە بولماي يولغە كىر، ئەي پارسا،
رەھمى كەلگەي، قولنى تۇتقاي، باز بىر مۇشكىل كۇشا.

ئىشان مەشرەب شەھەرنىڭ قارىسىنى ئېلىپ يەنە بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

خەتەرلىك يول ئىدى رەھبەر تاپىلدى،
سەرىمنى كەستى دېگەر، سەر تاپىلدى.

ئىشان مەشرەب شەھەرگە كىرىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

تۇتىئى بىبالۇ پەرمەن بالۇ پەر ئاختارامەن،
بەخىيەئى ئىمان ئۇچۇن ساھىبى ھۇنەر ئاختارامەن.

ئىشان مەشرەب بۇ غەزەلنى تاماملىغا يەتكۈزۈپ تۇرغانىدى،ھەزرىتى شەيخ نەجمىددىن كۇبەرايى ۋەلىنىڭ روھى نىدا قىلىپ:

— ئەي پەرزەنت، نېمە بولدۇڭ؟ بۇ غەزەلنى تولىمۇ شىكەستىلىك بىلەن ئوقۇدۇڭ، قانداق تەلىپىڭ بار؟ — دېدى. ئىشان مەشرەب:

— قەشقەر يۇرتىدا ئافاق خوجا مەخدۇم ئەئزەم دېگەن بىر ئەزىز بار ئىدى. ئۇلارنىڭ يۇرتىغا ئۆزىنى شەيخ دەپ ئاتىۋالغان بىر مۇشرىك — سەنناسى بېرىپ ئافاق خوجىنىڭ مۇرىتلىرىنى ئۆزىگە مۇرىت قىلىپ، تامام خەلقنى دىنىدىن بىگانە قىپتۇ. شۇنىڭغا ھەسرەت ـ نادامەت چېكىمەن، — دېدى. ھەزرىتى شەيخ نەجمىددىن كۇبەرايى ۋەلى:

— ئۇنىڭ ھەددى ئەمەس. ئۇ بەتبەخت مەخدۇم ئەئزەمگە مۇنداق بىئەدەپلىك قىلغان بولسا، جاجىسىنى بەرمەك جايىزدۇر، — دەپ ئوتتۇز يەتتە مىڭ لەك قارىي — شەيخنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، ئىشان مەشرەب بىلەن شۇئان قەشقەرگە راۋان بولدى. ئەمما ئىشان مەشرەبكە ئەگىشىپ كەلگەن مۇرىتلار چۇقان سېلىپ:

— بىزلەر قەشقەردىن، ياركەنتتىن ئەگىشىپ كېلىپ، مەككىنى تاۋاپ قىلالماي قايتساق قانداق بولغىنى؟ ! بىزلەرنى مەھرۇم ياندۇردىڭىز، — دەپ ئەپسۇس قىلغانىدى، شاھ مەشرەب بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

بۇ تەنى خاكىنىيۇ رۇھى رەۋاننى نە قىلاي؟
بولماسە قاشىمدە جانانە، بۇ جاننى نە قىلاي؟

*　　　　*

نە ھاجەت ھەججى ئەكبەر، كاشغەر ئۇززە مەزارىم بار.
زىيايى چەشىممە خاك دۇرىدىن سۇرمە زارىم بار.

*　　　　*

قىلدىلار ماڭا بىر جىلۋەئى، ناگاھ باقە قالدىم،
ئول جىلۋەگە دۇنيا بىلەن دىنىنى ساتە قالدىم.

ئىشان مەشرەب شۇ يۇرگەنچە ھەمراھلىرى بىلەن ئۇزۇنى قەشقەردە كۆردى. ئۇلار ئافاق خوجا مەخدۇم ئەئزەمنىڭ خانىقاسىغا كىرىپ كۆردىكى، خانىقانىڭ ئىچىدە بىرنەچچە كاللا يېتىپتۇ. ھېچ ئادەم يوق. ئىشان مەشرەب خانىقانىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

سىفاتىڭ زاتى پاكىڭ ئىسمى ئەئزەمدۇر، سەۋەللاھدۇر،
سېنىڭ زاتىڭغە ئىنكار ئەيلەگەنلەر ئەمدى رەسۋادۇر.

بۇ چاغدا ئافاق خوجا مەخدۇم ئەئزەم ئىستىقامەتتە ئىدى. ساراسىمە بولۇپ خانىقانىڭ ئالدىغا چىقتى. ھەزرىتى ئىشان مەشرەب ئافاق خوجىنى كۆرۈپ:

— ئەي پىرىم، بۇ بىئەدەپلەرنىڭ جاجىسىنى خۇدايىتائالا بېرىدۇ. بىز خانىقانى راسلاپ جەم بولۇپ، تامام بۇزرۇكلەرنىڭ روھىدىن مەدەت تىلەيلى، — دېدى.

ئىشان مەشرەب پەرۋەردىگارنىڭ زىكرىگە مەشغۇل بولۇپ، بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

مىسلى ئىسرافىل سىفەت ئاغزىمغە ئالدىم سۇرنى،
مەن تۆكەي ئىككى جەھاننىڭ رەھمەتىغە نۇرنى.

ئىشان مەشرەب بۇ بېيىتنى ئوقۇپ بولۇپ بىر ساپ ئۈزۈمنى «شارابى ئەنتەھۇر» (ساپ شاراب، ئۆتكۈر شاراب) قىلىپ ئىچتى. مەستى خۇدا بولدى. بۇ خەۋەر سەنناسى — مۇشرىككە يەتتى. ئۇنىڭ مۇرىتلىرى:

— ئافاق خوجىنىڭ مەشرەب دېگەن بىر مۇرىتى كەپتۇ. ئەگەر سەن پىرى كامىل بولساڭ، شۇ مەشرەبنى ئۆزۈڭگە مۇرىت قىلغىن. شۇندىلا تامام خەلقنىڭ ئىخلاسى ۋە ئېتىقادى ساڭا زىيادە بولىدۇ، — دېدى.

سەنناسى ئورنىدىن قوپۇپ بىر ئوچۇم تۇپراقنى ئېلىپ، تۇپراققا دەم قىلىپ ئافاق خوجىنىڭ خانىقاسى تەرەپكە چاچتى. خانىقانىڭ ئىچىنى ئوت قاپلىدى. ھەزرىتى ئىشان مەشرەب بۇزرۇكلەردىن مەدەت تىلەپ بىر «ئاھ» تارتتى. ئاغزىدىن بىر پارچە ئوت چىقىپ سەنناسىنىڭ سېھىر قىلغان ئوتىنى خانىقادىن قوغلاپ چىقاردى. ئاندىن ئىشان مەشرەب ۋارقىراپ:

— ئەي موللا مۇھەممەد نەزەر، بىر جام شاراب بەرگىن، ئىچىپ بۇ سەنناسىنىڭ پىكرىنى قىلاي! ئۇ تولىمۇ بىئەدەپ بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى.

موللا مۇھەممەد نەزەر باغدادى شارابنى ئەكېلىپ بەردى. ئىشان مەشرەب شارابنى ئىچىپ مەستۇ مۇستەغرەق بولۇپ، بۇزرۇكلەردىن مەدەت تىلەپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

ئىچىپ جامى شەربەتنى بۇ جەننەت كەۋسەرىدىن مەن،
كى روھى ئەسلىدۇر ئانىڭ بەھرى بادىيىدىن مەن.

سەنناسىنىڭ ئەھۋالى تەڭ بولدى. ئىشان مەشرەب ئىسمى ئەئزەمنى ئوقۇپ ئافاق خوجا مەخدۇم ئەئزەمگە:

— بۇزرۇكلەرنىڭ روھى مەدەت بەردى. مەسلىھەت شۇكى، بۇ كېچە ئىستىقامەت قىلايلى، سەنناسىغا بەرھەم ئۇرايلى، — دېدى.

ئافاق خوجا مەخدۇم ئەئزەم خۇشال ۋە خۇررەم بولۇپ ھەلقە قۇرۇپ، تەڭرىگە يۈز تۇتۇپ، ئۇنىڭ زىكرىگە مەشغۇل بولدى.

سەھەر ۋاقتى ئىدى. بىر توپ سوپى خانىقانىڭ ئىشىكىگە كېلىپ داد - پەرياد قىلىپ، ئافاق خوجا مەخدۇم ئەئزەمنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ:

— ئەي پادشاھىم، بۇ كېچە سەنناسىنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بوپتۇ. بىز خاتا قىلىپ سىزدىن قول ئۈزۈپ سەنناسىنى پىر تۇتۇپ، ئۇنىڭغا مۇرت بوپتىمىز، — دەپ يىغلاشتى. موللا مۇھەممەد نەزەر باغدادى ئىشان مەشرەبكە:

— سەنناسىنى خۇدايىتائالا يوق قىلدى. ئەمدى خاجە ئەككاشەنىڭ زىيارەتلىرىگە بارايلى، — دېدى. ئىشان مەشرەب «خوب بولۇر» دەپ ئافاق خوجا مەخدۇم ئەئزەمنىڭ ئالدىغا كىردى ۋە:

— ئەي پىرىم، رۇخسەت بەرسىڭىز، بىز بەلخنى ئىختىيار قىلدۇق. ھەزرىتى ئەككاشەنى زىيارەت قىلغىلى بارىمەن، — دېدى. ئافاق خوجا:

— ئەي بالام، خۇدايىتائالا يادىڭىزدا بولسۇن، — دەپ دۇئا قىلدى.

ئىشان مەشرەب موللا مۇھەممەد نەزەر باغدادى، دىۋانە پانسەد، ھەزرىتى بابا، سەرمەست ۋە باشقا ھەمراھلىرى بىلەن يولغا راۋان بولۇپ، بۇ تەلقىننى ئوقۇدى:

جانىمنى ھەلاك ئەتمەك ئۈچۈن تۇرفە بەلايى،
ئول زالىمى خۇنخار،
شىرىن سەنەمى، ماھۋەشى، ھۇرلىقايى،
ھۆسن ئەھلىغە سەردار.

ئىشان مەشرەب بۇزرۇكلەرنىڭ مەدىتى ۋە خاسىيىتىدىن سائەت ۋاقتىدا ئۆزلىرىنى ھەزرىتى ئەككاشەنىڭ قەبرىگاھىدا كۆردى:

بىر دۇئا ئەيلەڭ مەنى رەسۋايى بىقۇربەت ئۈچۈن،
ھەم كەمەر باغلاپ كېلىپمەن، بەندەمەن خىزمەت ئۈچۈن.

ھەزرىتى ئىشان مەشرەب بۇ غەزەلنى ئوقۇپ، ھەزرىتى ئەككاشەنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ يىغلىدى. قەبرە لەرزىگە كەلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇچىسىغا جەندە ئارتىۋالغان، پوتلا - پوتلا چاچلىرى بەللىرىگە چۈشكەن، رۇخسارىدىن نۇر چاقناپ تۇرغان بىر دىۋانە پەيدا بولدى. ئىشان مەشرەب بۇ مەردى خۇدانى كۆرۈپ مۇنۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

مەستى ھەق كەلدىم، ئاشناغە بىر قاراڭ،
يولدا قالغان خەستەمەن، بۇ ناتەۋانغە بىر قاراڭ.

ئىشان مەشرەب ئۇ غەزەلنى ئوقۇغان زامان بۇ دىۋانە مەست - ئەلەست بولۇپ:
— ئەي مەشرەب، سەن پەيغەمبەرلىك مېھرىنى، ئالەمنىڭ خۇشاللىقىنى قولۇڭغا ئاپسەن. يەنە نېمە تەلىپىڭ بار؟ ! — دېدى. ئىشان مەشرەب:
— ئەي شەيخ زىندەفىل ئەھمەد جامى، مەشرەب مېنى تونۇمىدى، دەپ قالماڭ. رۇم پادىشاھىنىڭ پىلى ئۆلگەندى. رۇم پادىشاھى تامام شەيخ - ماشايىخلارنى يىغىپ دۇئا قىلدۇردى. ئەمما، خۇدايىتائالا ئۇ پىلغا جان ئاتا قىلمىدى. سىز بېرىپ دۇئا قىلغانىدىڭىز، خۇدايىتائالا سىزنىڭ دۇئايىڭىزنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇ پىلغا جان ئاتا قىلدى. ئاندىن رۇم پادىشاھى سىزگە «زىندە فىل ئەھمەد جامى» دەپ نام بەردى. سىز شۇ ئەزىز ئەمەسمۇ؟ ! — دېدى. بۇ دىۋانە:
— راست، شۇ دىۋانە مەندۇرمەن، — دېدى. ئىشان مەشرەب:
— مېنىڭ ھەققىمدە دۇئا قىلىڭ. بىرىنچى، ھەزرىتى ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام جېنىمنى ئالىدىغان چاغدا ئىمانىمنى خاتا قىلمىغاي؛ ئىككىنچى، خۇدايىتائالا گۆر ئازابىنى ئاسان قىلغاي؛ ئۈچىنچى، ساۋابىم ھەممىدىن ئېغىر كەلگەي؛ تۆتىنچى، پىلسىراتتىن ئاسان ئۆتكەيمەن؛ بەشىنچى، خۇدايىتائالا كەۋسەر بۇلىقىنىڭ سۈيىدىن نېسىپ قىلغاي، — دېدى. شەيخ زىندە فىل ئەھمەد جامى:
— ئەي مەشرەب، غەم يېمە. سەن ئاناڭنىڭ قورسىقىدىكى چاغدا ھەزرىتى ھەق سۇبھانە ۋەتائالا ساڭا ھالال لوقما ئەۋەتتى. يەتتە ئەزىزدىن تەربىيەت تاپتىڭ. خۇدايىتائالا سېنى بەختلىك، يۇلتۇزۇڭنى يۇكسەك قىلىپ ياراتقاندۇر. ئارزۇيۇڭغا يەتكەيسەن! — دەپ دۇئا قىلدى. ئىشان مەشرەب بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

سېنىڭ ئىشقىڭدا، ئەي دىلبەر، ئەجەب دىۋانەلەر بولدۇم،
بۇ ئالەمدە خەلايىققە بەسى ئەفسانەلەر بولدۇم.

*　　　*

كەل، ئەي دىلبەر، يۈزۈڭ ئاچقىل، تەسەددۇقدۇر بۇ جان ئەمدى،
فىراقىڭدە ئەدا بولدى كۆيۈپ بۇ ئۇستىخان ئەمدى.

ھەزرىتى زىندە فىل ئەھمەد جامى ئىشان مەشرەبنىڭ بۇ غەزىلىنى ئىشىتىپ:
— ئەي مەشرەب، ھەزرىتى ئەككاشەنىڭ روھى شەرىپلىرىدىن مەدەت - ياردەم تىلىگىن، نەچچە

مۇددەت بۇ يەردە بولغىن ! — دەپ غايىب بولدى. ئىشان مەشرەب قەبرىنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

غەم بىلەن ئەفسۇردە بولدۇم كارۇ بارىم يوق مېنىڭ،
چۈن قولۇمدا بەس، ئىنانۇ ئىختىيارىم يوق مېنىڭ.

ئىشان مەشرەب بۇ غەزەلنى ئوقۇپ مەست ـ پەرىشان بولۇپ، بېشىنى قەبرىنىڭ ئىشىكىگە ئۇردى. شەيخ ئەبۇلئەزىز كېلىپ، ئىشان مەشرەبنىڭ بېشىنى سىلاپ:
— ئەي مەشرەب، قەبرىنىڭ ئىشىكىگە نېمە ئۈچۈن بېشىڭنى ئۇرىسەن، نېمە مۇددىئايىڭ بار؟ ! — دېدى. ئىشان مەشرەب:
— مەنغۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ مېھرىگە ئېرىشتىم. ئەمما، نەچچە مۇسۇلمان مېنى دەپ، ماڭا ئەگىشىپ بۇ يەرگە كەلگەندى. بۇلارنىڭمۇ مەقسىتى ھاسىل بولسا دەيمەن، — دېدى. ھەزرىتى شەيخ ئەبۇلئەزىز:
— ئەي مەشرەب، پەرۋەردىگارى ئالەم: «تەلەپىڭدىن يۈز ئۆرۈمىسەڭلا، ھەرنېمە تەلەپ قىلساڭ بېرىمەن» دېگەن. تەلەپ قىلغىن، مۇرادىڭ ھاسىل بولغاي، — دېدى. ئىشان مەشرەب بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

ھەر كىشى زىندە دىل ئېرۇر دىدە ئىچىدە جا تاپار،
زاھىرى باتىنى ئانىڭ جامى جەھاننەما تاپار.

ئىشان مەشرەب بۇ غەزەلنى ئوقۇغان زامان شەيخ ئەبۇلئەزىز مەشرەبكە:
— ئەي مەشرەب، كىمكى ياخشىلارنىڭ خىزمىتىنى ئىختىيار قىلسا، ياخشى بولۇر. سېنىڭ بۇ ھەمراھلىرىڭ ياخشىلارنىڭ خىزمىتىنى ئىختىيار قىلمىدىكەن، ئاۋۋال دۇنيادىن كۆڭلىنى ئۈزسۇن. مۇنۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرىگە تۇرسۇن: ئەگەر دۇنيا تەلەپ قىلسا، شەيخ جەلىلىنىڭ خىزمىتىگە بارسۇن؛ ئەگەر ئاخىرەت تەلەپ قىلسا، ھەزرىتى ئەككاشەنىڭ قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلسۇن، — دېدى. ھەزرىتى ئىشان مەشرەب ئېيتتىكى:
— ئەي زامانىنىڭ شەيخى، ئىككى ئالەمنىڭ يول باشچىسى ھەزرەتى رەسۇلنىڭ ھېكايىتىنى ئىشىتمىگەنمىدىڭ؟ ھەزرىتى ئىبراھىم: «ھەركىم ئاخىرەت تىلەپ بۇزرۇكلەرنىڭ زىيارىتىدىن يىراق كەتمىگەي» دەپ ئۇممەتلىرى ئۈچۈن ئۆز پەرزەنتىدىن كەچتى. بۇ مەسنەۋى شۇ ھېكايەتنىڭ شەرھىسىدۇر:

ئەي بەرادەر، ھەمچۇنان بىنەندە بول،
نىكلارنىڭ خىزمەتىدە بەندە بول.
بول ھېكايەتنى ساڭا قىلسام يەناھ،
مەئرەفەتكە ئەسل دىلدۇر تەكيەگاھ.
تا بولاي دېسەڭ بۇ يولدا نىك ھال،
روھ ياكى مۇستەفادىن تەئلىم ئال.
بىر كۈنى ئول رەھمەتەن لىل ـ ئالەمىن،

ئولتۇرۇپ مەسجىدە ئېردى نىك دىن.
جىسمۇ جانى غەرق ئۈچۈن ئەسرار ئىدى،
ئىبراھىم ئاتلىغ بىر ئوغلى بار ئىدى.
سۆيمەس ئېردى ئوغلىنى چۈن مۇستەفا،
بەس، مۇبادا «قەھر كەلگەي» دەپ خۇدا.
كەلدى مەكتەبخانەدىن ئوغلى ئانىڭ،
مېھرى فەرزەند دىلغە تولدى ئانىڭ.

يۈزىدىن بىر بۇسە قىلدى مۇستەفا،
«ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى سەن ـ سەن تۇتىيا»
چۈن شول ھالەتدە ئىدى ھەم مۇتتەسىل،
ناگەھان توشتى غەيبدىن جىبرەئىل.
جىبرەئىل ئايدىكى: سەن فەيغەمبەرى،
ئەۋۋەلىيۇ ئاخىرىنىڭ سەرۋەرى.
ئاڭلاغىل ھەر فەمنى، ئەي شىرىن كەلام،
ھەقتەئالا سىزگە يىبەردى سەلام.
بارىپ ئايغىل سەن ھەبىبىمغە بۇ كۈن،
ئوغلىنى بىسيار ھەرگىز سۆيمەسۇن.
سۆيسە ئوغلىنى ئوشۇل ئالىي نەسەب،
ئۈممەتىنى قىلماسۇن مەندىن تەلەب.
كەچمەسە فەرزەندىدىن شۇنداغ نەبىي،
ئۈممەتىنى كۈلل قىلدىم دەۋزەخىي.
مۇستەفا ئايدىكى: رەببىل ـ جەلىلىم①،
مەن ـ مەن كى ئاخىر زەمان ئۈممەتلەرىم.
بەردىم ئوغلۇمنى يولۇڭغە پادشاھ،
كۈلل ئۈممەتنى سەن ئەتكىل بىگۇناھ.
سەربەرەھنە، پا بەرەھنە ئول ئەزىز،
تۇتتى مەكتەبخانە راھىن باتەمىز.

قىچقىرىپ ئايدى: كۆزۈمنىڭ گەۋھەرى،
سەن ئېرۇرسەن نۇرى دىيدەم رەۋشەنى.
گەۋھەرىم سەن دىيدەم ئۈزرە نا پەزىر،
ئۆيگە مېھمان كەلدى سىزگە مۇنتەزىر.
مەن سېنى سۆيدۇم، خۇدا قەھر ئەيلەدى،
ئۈممەتىمنى كۈلل قىلدى دەۋزەخىي.
ئايدى ئىبراھىم: نېچۇك مىھمان ئىكەن،
مېھمان ئېرمەس، بىر بەلايى جان ئىكەن.
ھەر كىشى مىھمان ئاتىنى ئاڭلادى،
جانۇ دىل بىلە مۇدام خۇش نۇر ئىدى.
مەنكى چۈن مىھمان ئاتىنى ئاڭلادىم،
بەرگى بىد يەڭلىغ گويا تىترەدىم.
بۇ سۇخەنىنىڭ مەزمۇنىدىن ھەم مەگەر،
مەشرەبى، شورىدە ئەتۋارى دېگەر.
تاكى ئايتاي گوشكەنلەرگە سۇخەن،
ھېچ ھەرفى قالمادى سۆزلەلمەگەن.
مەسنەۋىنى شەرھ قىلدى مەشرەبىڭ،
مەغزى قۇرئاندىن ئالىپدۇر مەسنەۋىڭ.
مەكتۇباتى ياز ئىبراھىم ھەم،
شەرھ ئۆلدى ھالەتىم بولدى بەھەم.

شەيخ ئەبۇلئەزىز بۇ ھېكايەتنى ئىشىتىپ:

— ئەي مەشرەب، بۇ سۆزۈڭنىڭ مەزمۇنىدىن بىلدىمكى، بۇلارنىڭ ھەممە ئېتىقادى دۇرۇس ئىكەن. ئەمدى بىللە ئولتۇرۇپ، بۇلارنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلايلى، — دېدى.

ئىشان مەشرەب «خوب بولۇر» دەپ شەيخ ئەبۇلئەزىز بىلەن بىللە ھەمراھلىرىنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلدى. بۇ چاغدا ھەزرىتى ئەككاشەنىڭ قەبرىسىدىن بىر ئاۋاز كەلدى: «بۇ سوپىلارنىڭ كۆڭلى غۇباردىن خالىي ئەمەس. خۇسۇسەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئالىم بار. بۇ ئالىم (ئالىمى بىئەمەل)، يەنى ئىلمىگە ئەمەل قىلمايدىغان ئالىمدۇر. ئۇ مېنىڭ قەبرەمدە ئوتتۇز يىل زىيارەتتە تۇرسۇن ۋە كۆڭلىنى غۇباردىن خالىي قىلسۇن، ئاندىن مەقسەت گۆھىرىنى قولىغا ئالسا ئەجەب ئەمەس!»

«ئالىمى بىئەمەل» بۇ سۆزنى ئىشىتىپ بىھوش بولۇپ قەبرىگە يىقىلدى. ئىشان مەشرەب بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇپ ھىندىستانغا قاراپ يول ئالدى.

ئەي سەنەم، گۈل ـ گۈل يانىپ مەي ئىچىپ رەخشانمۇ سەن؟
بەرق ئۇرادۇر گۈل يۈزۈڭ، ھەي ـ ھەي، مەھى تابانمۇ سەن؟

① رەببىل ـ جەلىل — ھەممىدىن ئۈستۈن، ئالىي تەربىيەچى خۇدا.

خۇش كېلىپ بەرگىل جەۋابىم، جانىمۇ سەن، جانانىمۇ سەن؟
ئاللاھ ـ ئاللاھ، تازە كۆڭلۈم تەختىگە سۇلتانىمۇ سەن؟
شىشەئى جانىمغە تۇشكەن بىر پەرى جەۋلانىمۇ سەن؟

ئىشان مەشرەب بۇ مۇخەممەسنى تاماملىغا يەتكۈزۈپ كېتىپ باراتتى. يول ئۈستىدە ئولتۇرغان بىر بۇتپەرەسنى كۆردى. بۇتپەرەسنىڭ يېنىدا بىر مۇسۇلمان ئولتۇرۇپتۇ. ئىشان مەشرەب ئۇنىڭدىن:

— ئەي مۇسۇلمان، ئېتىڭ نىمە؟ — دەپ سورىدى. مۇسۇلمان:

— مېنىڭ ئېتىم ئىبنى يەمەن. شەيخ شەھابىددىننىڭ مۇرىتىدۇرمەن. ھەزرىتى سۇلتان شاھ ناسىر خۇسرەۋنى زىيارەت قىلغىلى كەلدىم، — دېدى. ئىشان مەشرەب:

— ئەي مەردى ئەزىز، ئورنۇڭدىن قوپ. ماڭا ھەمراھ بولغىن. مەن ھەم ۋىلايەتى ھىندىستانغا كېتىۋاتىمەن، — دېدى ۋە بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

سەنى كۆردۇم، ھەمە ئەلنى ئۇنتۇدۇم،
جەھان لەززاتىدىن كۆڭلۈم ساۋۇتدۇم،

شەيخ ئىبنى يەمەن ئىشان مەشرەبكە:

— ئەي شاھى قەلەندەر، پىرىڭ كىمدۇر ۋە رەھبىرىڭ كىم؟ بايان قىلغىن، — دېدى. ئىشان مەشرەب جاۋابەن:

— مېنىڭ پىرىم ھەزرەتى شەيخ نەجمىددىن كۇبەرايى ۋەلىدۇر. رەھبىرىم ھەزرىتى ئافاق خوجا مەخدۇم ئەئزەمدۇر، — دېدى. ئىبنى يەمەن:

— ئۇنداق بولسا، مەن ئەمدى قالغان ئۆمرۈمنى سىزنىڭ خىزمىتىڭدە ئۆتكۈزەي، — دەپ ئىشان مەشرەبكە ھەمراھ بولدى.

بۇ ئىككى ئەزىز ۋىلايەتى ھىندىستانغا داخىل بولدى ۋە بەنگالە دېگەن شەھەرگە كېلىپ چۈشتى. بۇ شەھەردە ساھىبى تەكبىر بىر شەيخ بار ئىدى. بۇ شەيختىن خۇش پىچىم، ساھىبجامال بىر ھىندى بەچچە تەلىم ئالاتتى. ئىشان مەشرەب بۇ بالىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ:

— ئەي ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى، بىر تامچە سۇدىن مۇنداقمۇ خۇش سۈرەت بەندىنى يارىتىپسەن ! ؟ — دەپ، بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

كۆتۈرسەڭ پەردەنى ناگەھ يۈزۈڭنى بىر كۆرەي دەرمەن،
جەمالىڭ نەزەر سالىپ كى ھۆسنۈڭگە توياي دەرمەن.
خەلايىق قىبلەگە باقىپ دەيۈرلەر «رەببىيەل ـ ئەئلا»،
نەمازۇ روزەگە سەن دەپ، ساڭا سەجدە قىلاي دەرمەن.

ھىندى بەچچىنىڭ شەيخى بۇ غەزەلنى ئىشىتىپ، ئورنىدىن قوپۇپ ئىشان مەشرەبكە بىرنەچچە ئېغىز يامان سۆز قىلدى. ئىشان مەشرەبنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، بىر بۇتنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. بۇت پارە ـ پارە بولدى. شەيخ بۇ ۋەقەنى ھىندىلارغا خەۋەر قىلدى. ھىندىلار ئىشان مەشرەبنى تۇتۇپ

بۇتخانىغا سولاپ قويىدى. ئىشان مەشرەب بۇتخانا ئىچىدە سىرتقا قاراپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا ھىندى بەچچە كېلىپ، بۇت يېنىدا تۇردى. ئىشان مەشرەب ھىندى بەچچىنى كۆرۈپ، يەنە بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

تەسەددۇقۇڭ، ئەي پەرى جەمالىڭ ئاچ،
ئالۇرغە جان تىلەسەڭ تىغى بىمەلالىڭ ئاچ.

ھىندى بەچچە بۇ غەزەلنى ئىشتىپ ئاچچىقى كېلىپ، قولىغا بىر تاشنى ئېلىپ:
— ئەي دىۋانە، ناۋادا سېنى زىندانغا سالسا ھەم ماڭا شۇنداق سۆزلەرنى ئېيتامسەن؟! — دەپ ئىشان مەشرەبنىڭ بېشىغا ئۇردى. ئىشان مەشرەب مەست - پەرىشان بولۇپ، يەنە بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

گۈلشەنۇ باغ ئارا بۇ كۈن بۇلبۇلى خۇش خەبەر ئۆزۈم،
بىر بۇتى بىبەدەل ئۈچۈن ئاشىقى دەربەدەر ئۆزۈم.

ھىندى بەچچە قارىماي چىقىپ كەتتى. ئىشان مەشرەب بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي، غۇنچەئى لەئلىڭ قىلىبان تۇرلى مەلاھەت،
ھەي، تازە نىھال چەمەنئارايى نەزاكەت،
مەقبۇل سەن، ئەي دىلبەر، خۇش لەھجەئى بەغايەت،
قەھقەھ كۈلەسەن بۇ نە ئەجايىب، نە قىيامەت،
ھەي - ھەي، نەجەفا قىلسە سەنەم جانىمە راھەت.

ئىشان مەشرەب بۇ بېيىتنى ئوقۇغاندا، ھىندى بەچچە ئىشىك تۈۋىدە قاراپ تۇرغانىدى. بۇ بېيىتنى ئىشتىپ، ئىشان مەشرەبنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— ئەي دىۋانە، ئوبدان بېيىت ئوقۇدۇڭ. ئوقۇغان بېيىتلىرىڭ يۈرىكىمنى سۇ قىلدى. شۇ تاپتا ساڭا رەھىم كېلىۋاتىدۇ. سېنى بۇتخانىدىن چىقىرىپ قويايمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئىشان مەشرەب:
— ئەي ھىندى بەچچە، ناۋادا مېنى بۇتخانىدىن چىقىرىپ قويساڭ، مەن سېنىڭ ھەققىڭدە دۇئا قىلاي. خۇدايىتائالا سېنى بۇتپەرەسلىكتىن خالاس قىلغاي! — دېدى. ھىندى بەچچە تەبەسسۇم قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ھىندىلارنىڭ چوڭىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
— ئۇ دىۋانىنى ماڭا بېرىڭ، — دېدى. ئۇ:
— ساڭا بەردىم، — دېدى.
ھىندى بەچچە ئىشان مەشرەبنى بۇتخانىدىن چىقىرىپ ئېلىپ كەتتى. ئىشان مەشرەب ھىندى بەچچىگە بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

گۈل يۈزۈڭنى كۆرگەندە ھالەتىم پەرىشاندۇر،
ئىزدەسەم خەمى زۇلفۇڭ دۇررى سۆزۈم چەندادۇر.

ئىشان مەشرەب غەزەلنى ئوقۇغانىدى، ھىندى بەچچىنىڭ دادىسى كېلىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئەي دىۋانە، مېنىڭ بالامغا ئاشىق بولغان بولساڭ، مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلغىن ۋە ھىندۇ لىباسىنى كىيگىن. پەرزەنتىمنى كىچە - كۈندۈز سەندىن يىراق قىلماي، — دېدى. ئىشان مەشرەب ھىندى بەچچىنىڭ دادىسىغا بۇ مۇستەھزادنى ئوقۇدى:

مەن ئەيلەدىم زىكرۇ سەنا تەۋھىد بىسيار،
بىر خۇدا باردۇر،
ئالەم ئىگەسى بىر، ئاتى ئەۋۋەلۇ ئەھەد، قەھھار،
ئالەمگە پەناھدۇر.
مىڭ بىر ئاتىدۇر خەلقى جەھان ئىچىدە مەۋجۇد،
ئالەم ئاڭا باقى،
بىلگىلكى يەنە توقسان توققۇز بىرلە سىفاتى ئول،
بىرركى خۇدادۇر.

ھىندى بەچچە ئىشان مەشرەبنىڭ بۇ بېيىتىنى ئىشىتىپ، كۆڭلى ئېرىپ:

— ئون ئۈچ ياشقا كىرىپتىمەن. بۇ چاغقىچە مۇنداق سۆزنى ئاڭلاپ باققىنىم يوق. ئەمدى مەن نېمە دېسەم، سېنىڭ دىنىڭغا مۇشەررەپ بولالايمەن؟! — دېدى. ئىشان مەشرەب:

— ئەي تەلەيلىك يىگىت، «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» (بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى) دېگىن، — دېدى.

بۇ ھىندى بەچچە بۇ كەلىمىنى ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. ھىندى بەچچىنىڭ دادىسى بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ، تامام ھىندىلارنى يىغىپ ئىشان مەشرەبنىڭ قېشىغا كەلدى. ئىشان مەشرەب ھىندىلار كەلگىچە بۇتخانىغا كىرىپ، يىگىرمە يەتتە بۇتنى ئۇرۇپ سۇندۇردى. ھىندىلار بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ، ئىشان مەشرەبنى بەنگالەنىڭ ھاكىمىنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. ئۇ چاغلاردا ھىندىستاننىڭ پادىشاھى ئەلى گۆھەرخان ئىدى. بەنگالەنىڭ ھاكىمى ئەلى گۆھەرخاننىڭ ۋەزىرى ئىدى. ئېتى سەييىد ئابدۇللا ئىدى. ئۆزى مۇسۇلمان ئىدى. ئۇ ئىشان مەشرەبنى — ئىشان مەشرەبنىڭ نۇرانە چېھرىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ:

— ئەي دىۋانە، نەدىن كەلدىڭ، قايسى شەھەردىن بولىسەن؟ — دەپ سورىدى. ئىشان مەشرەب:

— مەن ۋىلايەتى نەمەنگاندىن بولىمەن. بەلخ شەھىرىدىن كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى. بۇ چاغدا ھىندىلار ئەرز قىلىپ:

— بۇ دىۋانە بىزنىڭ بۇتخانىمىزغا كىرىپ، يىگىرمە يەتتە بۇتنى ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋەتتى. بىر بالىمىزنى ئۆزىنىڭ دىنىغا ئىشىنىدىغان قىلىۋالدى، — دېيىشتى. سەييىد ئابدۇللا:

— ئەي دىۋانە، بۇ نېمە ۋەقە؟ راست شۇنداق قىلدىڭمۇ؟ — دېدى. ئىشان مەشرەب بۇ سۆزنىڭ جاۋابىغا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بەندەڭ ئېرۈرمەن ۋەللاھۇ بىللاھ،
شامۇ سەھەرلەر مەن ئاڭا شەيدا.

كەلدىم ئىشىككە دەپ «شەيئەن لىللاھ»①،
كۆردۈم يۈزۈڭنى، ئەلھەمدۇلىللاھ.

سەييىد ئابدۇللانىڭ يېنىدا بىر ئالىم بار ئىدى. دىلى سۆيۈنۈپ ئىشان مەشرەبكە مايىل بولدى. بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ھىندىلارنىڭ ھالى پەرىشان بولدى ۋە ھەممىسى ھەر تەرەپكە تارقىلىشىپ كەتتى.

ھىندى بەچچىنىڭ دادىسى پەرزەنتىنى بىر سائەت كۆرمىسە، ھالى پەرىشان بولاتتى. شۇڭا پەرزەنتى تۈپەيلى مۇسۇلمان بولدى. بۇ ۋەقەنى كۆرگەن قىرىق ئۆيلۈك ھىندىمۇ مۇسۇلمان بولدى. بۇ ئىشلار توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەر ئەلى گۆھەرخانغا ئىشتىلدى:

غەزنەي پادىشاھى ئالەم، بىر قەلەندەر ۋىلايەتى بەنگالەگە كېلىپ، قىرىق ئۆيلۈك ھىندىنى مۇسۇلمان قىپتۇ. يىگىرمە يەتتە بۇتنى ئۇرۇپ سۇندۇرۇپتۇ...

ئەلى گۆھەرخان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ خۇشال ۋە خۇررەم بولۇپ، ئىشان مەشرەبنى ئېلىپ كېلىشكە پەرمان قىلدى. ئەلى گۆھەرخاننىڭ مىيانى فەيزبەخش دېگەن خاس كىشىسى بار ئىدى. مىيانى فەيزبەخش نەچچە كۈن يول يۈرۈپ بەنگالەگە كېلىپ، ئىشان مەشرەب بىلەن كۆرۈشتى ۋە:

ــ ئەي قەلەندەرلەرنىڭ شاھى، پادىشاھىمىز سىز توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، مېنى سىزنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. مەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە كەلدىم، ــ دېدى. ئىشان مەشرەب:

ــ ئەي شەيخ ئېتىڭىز نېمە؟ ــ دېدى. شەيخ:

ــ ئېتىم مىيانى فەيزبەخش، ــ دېدى. ئىشان مەشرەب:

ــ پىرىڭىز كىم؟ ــ دەپ سورىدى. شەيخ ئېيتتىكى:

ــ مېنىڭ پىرىم مۇجەررەد ئەلىف سانىنىڭ نەۋرىسى مىيانى مۇھەممەدىدۇر. ئىشان مەشرەب:

ــ مەنمۇ مۇجەررەد ئەلىف ساننىنى زىيارەت قىلماقچى ئىدىم، ــ دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەلى گۆھەرخاننىڭ ھۇزۇرىغا راۋان بولدى. ئىبنى يەمەن ۋە ھىندى بەچچە ھەمراھ بولدى. ھىندى بەچچىنىڭ ئېتى كەجۇرە ئىدى. ئىشان مەشرەب ئۇنىڭغا موللا مۆئمىن فەيز دەپ ئىسىم قويۇپ قويدى.

ئىشان مەشرەب شۇ يۈرگەنچە پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە يېتىپ كەلدى. پادىشاھ ئىززەت ـ ئىكرام كۆرسىتىپ، ئىشان مەشرەبكە بىرلەك رۇپىيە نىياز قىلدى ۋە دېدىكى:

ــ ئەي قەلەندەرلەرنىڭ شاھى، مېنى دۇئايىڭىزدا ئەسلەپ تۇرۇڭ. سىزنىڭ دۇئايىڭىزدىن ئۈمىدۋاردۇرمەن !

ئىشان مەشرەب «ئىنشائاللا» دەپ يولغا راۋان بولدى. ۋاقتى سائەتتە مۇجەررەد ئەلىف سانىنىڭ مۇبارەك قەبرىگاھىغا مۇشەررەپ بولدى. زىيارەتتىن كېيىن ئىشان مەشرەب ئەندىجانغا يول ئالماقچى بولغانىدى، شەيخ مىيانى فەيزبەخش كېلىپ:

ــ ئەي مەشرەب، مېنىڭ ئىككى قىزىم بار، بىرىنى سىزگە بېرەي، قىزىمنى سىزگە نەزىر قىلدىم، ــ دېدى. ئىشان مەشرەب:

ــ ئۇنداق بولسا، كەلتۈرۈڭ، ــ دېدى.

شەيخ قىزىنى ئېلىپ كەلدى. ئىشان مەشرەب بۇ قىزنى ھىندى بەچچىگە نىكاھلاپ بەردى. ئاندىن كېيىن ھىندى بەچچىنى مىيانى فەيزبەخشكە تاپشۇرۇپ، ئۆزى ئىبنى يەمەن بىلەن ۋىلايىتى ئەندىجانغا

① تەڭرى يولىدا بىرەر نەرسە (بەر).

يۈرۈپ كەتتى. يولدا ئىككى ھاجى ئۇچرىدى. ئۇلار ئىشان مەشرەبكە سالام قىلدى. ئىشان مەشرەب ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى. ھاجىلارنىڭ ئۇششىنىسىدە رىدا، قوللىرىدا تەسۋى بار ئىدى. ئىشان مەشرەب:

— ئەي ھاجىلار، نېمىدەپ يەلكەڭلەرگە رىدانى ئارتىپ، قولۇڭلارغا تەسۋى ئېلىۋالدىڭلار؟! — دەپ سورىدى. ھاجىلار شۈك تۇردى. ئىشان مەشرەب:

— ئەي ھاجىلار، تەسۋى دېگەن شەيتاننىڭ زۇننارىدۇر. تامام ئۆمرىنى تەڭرىنى ياد قىلىپ ئۆتكۈزگىنى نېمىسى، قولىغا تەسۋى ئېلىۋالغىنى نېمىسى؟! — دەپ يەنە يولىغا راۋان بولدى. بۇ ئىككى ھاجى: «بۇ دىۋانە تەڭرىم بىزگە يەتكۈزگەن ئەۋلىيا ئىكەن، بىز ئۇنىڭدىن دۇئا ئالايلى ۋە نەچچە كۈن خىزمىتىدە بولايلى» دېيىشىپ ئىشان مەشرەبكە ھەمراھ بولدى. ئىشان مەشرەب ھاجىلارنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولغانلىقىغا قارىتا بۇ ھېكايەتنى ئوقۇدى.

بار ئىدى ئول شەھرى رۇمدا ئالىمى،
كېچە ـ كۈندۈز زىكرى ھەقغە قايىمى.
ئولتۇرۇپ ئېردى ئۇشۇل مەردى خۇدا،
كۆڭلىگە كەلتۈردى ئايدى مۇستەفا.
بار ئىدى مەردى دىگەر، ئول نىك راي،
يەتتە يىل پىرى تەلەب ئېردى بۇ باي.
ئاشىقى دىلخەستەۋۇ نىكۇسەر،
كېچە ـ كۈندۈز ئىزدەر ئېردى راھبەر.
يەتتە يۈز يەتمىش يەتە مىڭ يىلقىسىن،
بەردى دەرگاھى خۇداغە ھەممەسىن.
پىر تەلەب بولدى چىقىپ ئول دەشتكە،
ئۇچرادى ئول خىزر سانى بەختكە.
ئايدىلار: «ھالا بۇ يولدا تۇرماغىل،
مەردى ھەقلەر خاكىدىن ئايرىلماغىل.
شەھرى رۇمغە بارغىلۇ ئىزدە جانان،
شەيخ جۇنەيد ئالىمى ئول نىكنام.
خىزمەتىدە بولغىلۇ ئايرىلما باز،
ھەر تەلەپ قىلساڭ، بولۇرسەن سەرفەراز.»
«ئەئما، ئەئمالى كەم ئەئمادۇمەن،
يولدا قالغان خەستەئى رەسۋادۇمەن.»
بول سۇخەننى ئايتىبان ئول نىكنام،
كەلدى شەيخ ئالدىغە ئول نىكنام.
كەلدى، تۇردى سەلام ئەيلەب جانان،
شەيخ ئايدى: قايدا ئىدىڭ سەن شۇئان.

ئايدى: ئەي شەيخ، ئەجەب دىلخەستەمەن،
ھاجەتىم كۆپدۇركى مەن ۋابەستە مەن.
شەيخ ئىشارەت قىلدىيۇ ھالا جانان،
بەس، ۋۇزۇ ئەيلەرگە قوپتى ھەم جانان.
يەتتە كوزە سۇ بىلە قىلدى ۋۇزۇ،
قوپتى ئورنىدىن كى قىلدى جۇستۇجۇ.
باي ئايتتى: ئاندا، ئەي شەيخى زەمان،
يەتتە كوزە سۇنى ئىسراف ئەيلەبان،
شەيخ ئايدىلاركى: بىر قۇر بەققەئى،
يەتتە يىلدۇر تەشنەبۇ بىچارەئى.
«مەن ۋۇزۇ قىلدىم سەرە ئىسران ئەمەس،
تائەتىم دەرگاھى ھەقغە بولدى بەس.»
باي ئايدى: سۆزنى يالغان ئايتاسەن،
ئارى، ئۆز ھالىڭغەدۇر يەكتا سۇخەن.
«يولدا بىر بەتنىيەت شەيتان ئۇچرادى،
شەھرى رۇمدا ئالىمى ئول شەيخ دېدى.
بول سەبەبدىن ئەمدى كەلدىم باز ھەم،
غەمنىڭ دەرياسىغە تۈشتۇم مەن بەھەم.»
ھەر كىشى ئىخلاسگەر بولسە جانان،
مۇتتەسىل ئىزدەر چۇ راھى ئاشقان.
رەددى پىرى بولدى بۇ يولدا ئەمدى باي،
يەتمەدى مەقسۇدىغە ئول نىكراي.
مەكتۇباتى شەيخ نەجمۇددىن مەگەر،
مەشرەبى ژۇلىدە مۇ شەرىھ ئايتىلەر.

ئىشان مەشرەب بۇ ھېكايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ھاجىلار تەھسىن - ئاپىرىنلەر ئوقۇشۇپ:

— بىز بىلمەپتۇق. سىز دەرگاھى ۋاجىبۇل - ۋۇجۇدقا يېقىن ئىكەنسىز، — دەپ ھەزرىتى ئىشان مەشرەبكە بىسيار ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. ئىشان مەشرەب بۇلارنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىپ يولغا راۋان بولدى. نەچچە ۋاقىت يول يۈرگەندىن كېيىن، سەمەرقەنتكە كەلدى ۋە خوجا ئەھرار ۋەلىنىڭ مۇبارەك قەبرىگاھىغا مۇشەررەپ بولدى. بۇ يەردە بىر ئەما ئولتۇراتتى. ئىشان مەشرەب بۇ ئەمانى كۆرۈپ:

— ئەي ئەما، سەن كىم؟ بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى. ئەما:

— مەن بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىلى نەچچە يىللار بولدى. مەن خوجا ئەھرار ۋەلىنىڭ مۇرىتى بولىمەن. ئەي دىۋانە، سەن قەيەردىن كەلدىڭ؟ — دېدى. ئىشان مەشرەب جاۋابەن بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

ئەۋۋەل ئادەم ئىدىم ھەمسۇھبەتى ھەۋۋا بولۇپ كەلدىم،
مۇھىت دەرياسىغە تۇشتۇمكى رۇھۇللاھ بولۇپ كەلدىم.
كۆھۇل تۇرىدە مۇسادەك ھەمىشە «رەببى ئەھدىنا»[①]نى دەپ،
ھەقىقەت تەختىغە مەن ھەزرەتى مۇسا بولۇپ كەلدىم.

ئەما بۇ بېيىتنى ئىشىتىپ، پەرىشان بولۇپ:

— ئەي دىۋانە، بىلدىمكى، سېنىڭ بەرىكىتىڭنى ھەق سۇبھانەۋەتائالا زىيادە قىپتۇ. مېنىڭ ھەققىمدە دۇئا قىلغىن. مېنىڭ ئىمانىمنى ھەق سۇبھانەۋەتائالا خاتا قىلمىغاي ! — دېدى. ئىشان مەشرەب يەنە بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

ئەي بەندە، بىسيار غەم يېمە، رۇھى رەۋانىڭ مەن سېنىڭ،
جانىمدىن ھەم ئارتۇقمۇسەن، ئارامى جانىڭ مەن سېنىڭ.

ئىشان مەشرەب بۇ غەزەلنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئەما كېلىپ ئىشان مەشرەبنىڭ ئېتەكلىرىنى كۆزىگە سۈرتتى. ئىشان مەشرەب:

— ئەي ئەما، سېنىڭ پىرىڭ خوجا ئەھراردۇر. شۇنداق ئەزىز كىشى ساڭا يولباشچى بولسا، سەن يەنە غەپلەتتە يۈرەمسەن؟ ! كۆزۈڭدىن غەپلەت ئۇيقۇسىنى يىراق قىلغىن. دەرگاھى قازىيۇل - ھاجاتقا مۇناجات قىلغىن. خوجا ئەھرارى ۋەلىنىڭ مۇبارەك قەبرىگاھىغا يىقىل ! مۇرادىڭ ھاسىل بولغاي، — دەپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

سەھرا يۈزى كۆكەرمەس، تا ياز بولماغۇنچە،
بۇلبۇل تەرەننۇم ئەتمەس گۈل - غۇنچە كۈلمەگۈنچە.

ئىشان مەشرەب بۇ غەزەلنى تامامىغا يەتكۈزۈپ بۇخارايى شەرىپكە راۋان بولدى. نەچچە ۋاقىت يول يۈرۈپ بۇخارايى شەرىپكە داخىل بولدى.ئىشان مەشرەب بۇخارايى شەرىپتە شەيخ جويبارىنىڭ

---

① رەببى ئەھدىنا — ئىگەم، ماڭا توغرا يول كۆرسەتكىن.

خىزمەتلىرىگە كەلدى. كۆردىكى، شەيخ جويبارى بىر قولىنى دەرەخكە ئېسىپ قىيناپ تۇرۇپتۇ. ئىشان مەشرەب:

— ئەي شەيخ، مۇنداق ئازاب قىلغۇدەك، بۇ قول نېمە گۇناھ قىلدى؟ — دەپ سورىدى. شەيخ:

— ئەي دىۋانە، بۇ قول ئىككى يۈز مىسقال ئالتۇنغا ئالغان ئېتىمنى توخۇ پوقى بېرىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، — دېدى. ئىشان مەشرەب:

— ئەي ئەقىلسىز شەيخ، سەندىن بىر سۆز سوراي، جاۋاب بەرگىن ! — دېدى.

— سورىغىن ! — دېدى شەيخ. ئىشان مەشرەب سورىدى:

— ئەي شەيخ، بوۋاڭ بارمۇ؟ بوۋاڭنىڭ ئوغلى ئاتاڭ بارمۇ؟

— بار ئىدى.

— ئۇلار قەيەردە؟

— ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەن.

ئىشان مەشرەب دېدىكى:

— ئۇلار كىمنىڭ پوقىنى يەپ ئۆلگەن؟ !

شەيخ شۈك تۇردى.

ئىشان مەشرەب مەست — پەرىشان بولۇپ، بۇ غەزەلنى ئوقۇدى.

مەئرىفەت بابىغە مەن ساھىب دۇئا كەلدىم بۇ كۈن،
ئىشق مەيدانىغە ئەمدى رەھنەما كەلدىم بۇ كۈن.
ھەزرەتى ياسىننى خەتم ئەتسەم خۇداغە يىغلاسام،
چۈن ھەقىقەت كىشۋەرىغە پادشاھ كەلدىم بۇ كۈن.
بەرقى سەرمەستدەك بۇ يولدا مەست چۈن شورىدە ھال،
يەتتە دوۋزەخنى بۇزۇپمەن ئەۋلىيا كەلدىم بۇ كۈن.
شەيخ جۇنەيدى ئىشق ھالاتىدا مەستى لايەئقىل،
مەشرەبى مەھدى زەمانىم ئاشنا كەلدىم بۇ كۈن.

شەيخ جويبارى ئىشان مەشرەبتىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ كۆپ ئىزا تارتتى ۋە كېلىپ مەشرەبنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ئىشان مەشرەب يەنە بۇ مۇستەھزادنى ئوقۇدى:

ۋەسلىڭنى تاپاي دېسەم، سەنەما، فىكرۇ غەمىم بار،
بىر نەچچە مەھەلدۇر،
ھىجرانۇ فىراق، سوزىشى دەردۇ ئەلەمىم بار،
باغرىم تولا قاندۇر.

ئىشان مەشرەب شەيخ جويبارىنىڭ ھەققىگە دۇئايى خەير قىلىپ، يەنە بۇ مۇستەھزادنى ئوقۇدى:

ئىشقىڭدا سېنىڭ كۆيدۇمۇ ياندىم خەبەرىڭ يوق،
ئەي دىلبەرى رەئنا،
قانلار يۇتۇبان زەھر ئىچەمەن بىر نەزەرىڭ يوق،

ئەي زالىمى خۇنخار.

بۇ ۋاقىتتا غايىبتىن بىر سادا كەلدى:
— ئەي مەشرەب، پاتراق نەمەنگانغا بارغىن. ھەزرىتى موللا بازار ئاخۇن دۇنيادىن ۋىدالاشتى. ئۇل ھەزرەتنىڭ جىنازىسىغا مۇشەررەپ بولغىن!
ئىشان مەشرەب بۇخارادىن چىقىپ نەمەنگانغا يول ئالدى ۋە نەچچە مەنزىل يول يۈرۈپ ئىشان مۇساخاننىڭ خىزمىتىگە كەلدى. ئىشان مەشرەب ئىشان مۇساخان بىلەن سالاملىشىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

لامەكاننىڭ شەھرىدە ئاشىقنى شەيدا قىلدى ئىشق،
ئەنبىياۋۇ ئەۋلىيالارنى ھۇۋەيدا قىلدى ئىشق.

شەيخ مۇساخان:
— ئەي قەلەندەر، نەنى ئىختىيار قىلدىڭ ۋە قايسى بۇزرۇكنىڭ خىزمىتىنى مۇۋاپىق كۆردۇڭ ۋە قايسى بۇزرۇكنىڭ خىزمىتىدىن كەلدىڭ؟ — دېدى. ئىشان مەشرەب:
— سۇلتان ناسىر خۇسرەۋنى زىيارەت قىلىپ، ھىندىستاندىن كەلدىم. ئەمدى نەمەنگاننى ئىختىيار قىلىپ تۇرۇپتىمەن، — دەپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

«ھۇ» سەراسى دەمبەدەم زاتى ھۇۋەيدادىن كېلۇر،
ھەر سۆزۈمنىڭ تەفسىرى نەھنۇ قەسەمادىن كېلۇر.

ئىشان مۇساخان خوجا بۇ غەزەلنى ئىشىتىپ:
— ئەي مەشرەب، ھەر يەردە ئۇلۇغلارنىڭ خىزمىتىگە داخىل بولساڭ، مېنى ھەم ياد قىلغىن، — دېدى. ئىشان مەشرەب «خوب» دەپ يولىغا راۋان بولدى.
ئىشان مەشرەب كۆردىكى، يەر بىلەن كۆكنىڭ ئارىسىدا بىر گۇمبەز تۇرغۇدەك. مەشرەب گۇمبەزگە قاراپ ھەيران بولۇپ تۇرغاندى، پەرىشتىلەر بىر تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ كېلىپ گۇمبەزگە ئەكىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا موللا مۇھەممەد نەزەرنىڭ مۇبارەك روھى ئىشان مەشرەبنىڭ يېنىدا ھازىر بولدى. ئىشان مەشرەب:
— ئەي موللا مۇھەممەد نەزەرى، بۇ نېمە ۋەقە؟ پەرىشتىلەر بىر تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ كېلىپ گۇمبەزگە ئەكىرىپ كەتتى، — دېدى. موللا مۇھەممەد نەزەرى:
— تەقسىر، مەن بىلمەيمەن. سەل تۇرۇپ موللا مۇھەممەد نەزەر باغدادى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى كېلىدۇ. شۇلار بىلسە كېرەك، — دېدى.
بىر سائەتتىن كېيىن توقسان يەتتە شەيخ - مەشايىخنىڭ مۇبارەك روھلىرى بۇ يەردە ھازىر بولۇپ، ھەزرىتى ئىشان مەشرەبنى زىيارەت قىلدى. ئىشان مەشرەب:
— ئەي شەيخلىرىم، بۇ نېمە گۇمبەز؟ بۇ گۇمبەزگە بىر تاۋۇتنى ئەكىرىپ كېتىشتى. بۇ قانداق ئىش؟ — دېدى. موللا مۇھەممەد نەزەر باغدادى:
— تەقسىر، ئۇ تاۋۇتتىكى ھەزرىتى موللابازار ئاخۇننىڭ جەسىتىدۇر. دۇنيادىن ۋىدالاشقىلى ئۈچ

كۆن بولغانىدى، روھى «جەننەتۇل ـ فىردەۋسى» غە داخىل بولدى. جەسستى بۇ گۇمبەزگە كەلتۈرۈلدى. بۇ كىشى ئالىم ــ ئادالەتپەرۋەر كىشى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرىتى ھەق سۇبھانە ۋەتائالا بۇ ئالىمنىڭ جەسستىنى بۇ گۇمبەزگە مۇۋاپىق كۆردى، ــ دېدى.

ئىشان مەشرەب بۇ ۋەقەدىن خۇشال ۋە خۇررەم بولۇپ، ھەزرەتنىڭ روھىغا بېغىشلاپ خەتمە قۇرئان قىلدى. ئاندىن شەيخ ـ مەشايىخلار بىلەن ۋىدالىشىپ، خاجە ئەھمەد يەسسەۋىنى زىيارەت قىلدى.

ئىشان مەشرەب يۈرەكلەرنى ياپراقتەك تىترىتىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

غەرىبدۇرمەن بۇ ھالىمغە ئۆزۈمدەك بىنەۋا يىغلار،
كېرەك بەختى قارانىڭ ھالىغە بەختى قارا يىغلار.
باشىمدىن تا ئاياغىمغە ئۇرۇبدۇر خىرمەنى ئاتەش،
مەنىڭ فەريادۇ ئاھىمغە جەمئى ئەنبىيا يىغلار.
يۈرەكنى قان ئېتىپ دەفتەرنى ئاچسام، تائىلا، ئەمما بار،
بۇ ئەھۋالىمغە ئەمدى مەشرەبى ساھىب ئەزا يىغلار.

ئىشان مەشرەب بىرپەس سۈكۈتتە تۇرغانىدى، خاجە ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ روھى ئىشان مەشرەبكە مەدەت قىلدى. ئىشان مەشرەب بېشىنى كۆتۈرۈپ، يەنە بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

بۇ كۆن رەنجۇر ئېردىم خەستە دەردىمگە دەۋا تاپتىم،
يۈرەكنى قەتئى دىل قىلدىم، چۇ رەڭى كەھرەبا تاپتىم.

بۇ چاغدا ئىشان مەشرەبكە ھىدايەت ( توغرا يول كۆرسىتىش، توغرا يول تېپىش، توغرا يولغا كىرىش ) مەيدىن بىر جام شاراب كەلتۈرۈلدى. ئىشان مەشرەب مەزكۇر شارابنى بىراقلا سۈمۈرۈپ مەست ـ پەرىشان بولۇپ، بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

تۈنۈكۈن سېنىڭ يادىڭدا مەن سۇساپ يۈرۈپ،
ئىشق ئوتىدا بىريان بولۇپ باغرىم كۆيۈپ،
كۆزلەرىمدىن گىريان ئولۇپ قانلار تۆكۈپ،
يا ئىلاھا، نېچۈك سېنى تاپقايمەن؟

ئىشان مەشرەب خانىقادىن چىقىپ ۋىلايىتى تاشكەنتنى ئىختىيار قىلدى. ھەمراھلىرى بىلەن كېتىۋېتىپ يولنى قىسقارتىش ئۈچۈن، بۇ ھېكايەتنى ئوقۇدى:

ئىشان مەشرەب ھېكايەتنى تامامىغا يەتكۈزۈپ، تاشكەنت شەھرىگە يېتىپ كەلدى. ئىشان مەشرەب

بۇ ھېكايەتنى، جانان، ئايتاي مەگەر،
ئىزدەگىل دائىم بۇ يولدا راھبەر.
بىر كۆنى ئۇممۇل ـ بىلادى بەلخغە باز،
ئاتى ئىبراھىم ئەدھەم سەرفەراز.
تەختۇ بەختىنى قىلىپ بەرھەم ئۇ شاھ،
ئىزدەدى دەرگاھى ھەقنى پادشاھ.

مالۇ ئەشياۋۇ تەمامى سەلتەنەت،
ھەممەسىنى قىلدى بەرھەم بىئەدەد.
ئىختىيارى كەئبە قىلدى ئول ئەزىز،
ئىزدەدى دەرگاھى ھەقنى باتەمىيز.
سەر بەرەھنە، پا بەرەھنە رەھنەما،
تۈشتى يولغە يىغلادى ئول پادشا.
ئايدى: ئەي فەرۋەردىگارى، ئىنسۇ جان،
دەستگىرى بەندەئى بىچارەگان.
يولدا قالغان خەستەئى ناكام مەن،
دەرگەھىڭغە دائىما يىغلارمەن.
مەن ئۈمىد بىلە كۆتەرىپمەن بىلەك،
ئەي خۇداۋەندا، قەبۇل ئەتكىل تىلەك.
بۇ سۆخەننى ئايتىبان قىلدى رۇجۇئ،
يولغا توشتى ئەيلەدى چۇن جۇستۇجۇ.
فۇرسەتى ئۆتمەيكى ئول شاھەنشەھى،
يەتتى رۇم شەھرىگە مەردى ئاگەھى.
كىردى بىر مەسجىدكە مەردى خۇدا،
ئىزدەر ئېردى دائىما ئول رەھنەما.
بار ئىدى بىر مەرد زەردارى دىگەر،
كۆردى ئىبراھىم ئەدھەمنى مەگەر.
ئايدى: ئەي شاھى قەلەندەر، نىكراي،
قىل بەياننى بۇ يەردە جا - بەجاي.
سەن نە يەردىنسەن، بەيان ئەتكىل مەگەر،
مەن سەنى بىلدىمكى ھالاتىڭ دىگەر.
ئايدى ئىبراھىم ئەدھەم: خەستەمەن،
ئىشق مەقاماتىدا چۇن ۋابەستەمەن.
ھالەتىم بولدى دىگەرگۇن ھەمچۇنان،
ئىختىيارى كەئبە قىلدىم مەن چۇنان.
يىغلادى ئول مەرد زەردارى يەنە،
ئاتى نۇرىددىن بارگانى يەنە.
بەلخ يۇرتىدا سىنى كۆرگەن ئىدىم،
نىئمەت ئەلۋانىڭنى مەن بىلگەن ئىدىم.
مىڭ كەنىزۇ توقسان يەتتە مىڭ غۇلام،
خىزمەتىڭدە بار ئىدى، ئەي نىكۇ نام.
نە ئۈچۈن كەلدىڭ بۇ يەرگە پادشا ؟
قىل سۆزۈڭنى ماڭا سەن، ئەي رەھنەما.
ئايدى ئىبراھىم ئەدھەم ئەمدى باز:
قىلمە سىرىمنى بەيان، ئەي سەرفەراز.
بۇ سۆخەننى ئايتتى ئول نېكۇ بىسەر،
مۇتتەسىل دايىم بۇ يولدا راھبەر.
قوپتى ئورنىدىن بۇ يەردە رەھنەما،
ئىختىيارى كەئبە قىلدى دىلرەبا.
شەھرى دىگەرگە يېتىپ باردى يەنە،
باز ئول شەھرىگە تۈشتى غۇلغۇلە.
ئالىمانە با ئەمەلىنىڭ دىگەرى،
سەييىدانە رەھنەمانىڭ دىگەرى.
ئاشىقانە، سادىقانە راھبەر،
ئارىفانە، ئابىدانە راھبەر.
توقسان يەتتە مىڭ شەيخى ھەمچۇنان،
كەلدى ئاشىقلار ھەمە مەردى ئەيان.
ئايدىلار: ئەي رەھنەمايى نىكۇەر،
بىزنى قىلغايسەن ئۆزۈڭگە راھبەر.
ئايدى ئىبراھىم ئەدھەم ئەمدى باز،
رەھبەرىم ھەقدۇر مەنىڭ، ئەي سەرفەراز.
تەكيە قىلغانمەن خۇدا دەرگاھىغە،
قول سالىپمەن مەئرەفەت دەرياسىغە.
مەن نېچۈك سەندىن تىلەي، ئەي مەردى ھەق،
ماڭا يەتكەندۇر خۇدادىن بۇ سەبەق.
ھەر تەلەپ قىلسام ئانىڭ دەرگاھىدىن،
يەتكۇرۇر ھەر ھاجەتىم سىررۇل - يەقىن.
بول سۆخەننى ئايدى يىغلاپ رەھنەما،
يىغلادى دەرگاھىغە ئول پادشاھ
ئايدى: ئەي فەرۋەردىگارا، قادىرا،
رەھنەما بولغىل ماڭا، ئەي نازىرا.
لۇتفى بىلە تۇت قولۇمنى پادشا،
رەھمەتەن لىل - ئالەمىن ھەققى يانا.
بۇ سۆخەننى ئول ئايۇردى مەگەر،
ئۇچرادى بۇ شاھغە ئەمدى راھبەر.
ئاتى قۇتبىددىن شەيخدۇر رەھنەما،
ئۇچرادى بۇ شاھغە ئەمدى ئەۋلىيا.
ھەر تەلەپ قىلساڭ خۇدا دەرگاھىدىن،
مەن بېرەي بۇ كۈن ساڭا سىررۇل - يەقىن.

«خوب بولۇر» دەپ ئەمدى ئىبراھىم مەگەر،
ئەمدى بىلدىم ماڭا سەن ـ سەن راھبەر.
شەيخ قۇتبىددىن تەۋەججۇھ بەردىلەر،
ئىشق مەقامىتىدا ئەئلا قىلدىلەر.
تەختۇ بەختىنى بۇزۇپ ئول رەھنەما،
دەرگەھى ھەقغە يەقىن يەتتى يەنا.

ھەر كىشى ئىنسافى بار، قەدرى بار،
دەرگەھى ھەقغە ھەمىشە قۇربى بار.
مەكتۇباتى ئەمدى ئىبراھىم مەگەر،
مۇختەسەر بولدى بۇ يولدا ھەم دىگەر.
شەرھ بولدى بۇ ھىكايەت راھبەر،
مەشرەبى دىۋانە قىلدى مۇختەسەر.

يەنە بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

تا ئەدەم سەھراسىدىن بەختىم قارا كەلتۇرمىشەم،
نامەئى ئەئمالىمە يۈزمىڭ خەتا كەلتۇرمىشەم.

بۇ غەزەلنى ئوقۇپ شەيخ ئابدۇرەھمان تاشكەنتىنىڭ خىزمەتلىرىگە باردى. شۇ ئەسنادا شەيخ زىندە فىل ئەھمەد جامى ئىشان مەشرەبنىڭ نەزەرلىرىگە جىلۋىگەر بولدى. ئىشان مەشرەب شەيخ زىندە فىل ئەھمەد جامىنى كۆرۈپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

قاشلارىڭ ئىننا فەتەھنا خەتتى خۇش ئىملاسى بار،
مۇسھەفى ھۇسنۇڭتەك ھەر سەترىدە بىسمىللاھسى بار.

ئاندىن شەيخ زىندە فىل ئەھمەد جامى كەلدى ۋە ئىشان مەشرەبنى زىيارەت قىلىپ، خۇدايىتائالاغا شۈكرى بەجا كەلتۇردى. سوپى مۇھەممەد دىگەن بىر ئەزىز بار ئىدى. ئۇ ئىشان مەشرەبنىڭ قېشىغا كىرىپ سالام قىلدى ۋە:
— ئەي مەشرەب، مەن سىزگە تۆت تۇھپە (سوۋغا) ئېلىپ كەلدىم. بۇ تۇھپە تۆت ئەزىزنىڭ ھاسىلىرىدۇر. شەيخ ئەبۇلجەلىل سىريانى: «بۇ تۆت ھاسىنى مەشرەب بېشىغا تەگكۈزۈپ يەرگە سانجىپ قويسۇن، تاكى بۇ ھاسىلار كۆكەرمىگۈچە مەشرەب ھېچ يەرگە تەۋرىمىگەي» دىگەنىدى، — دېدى.
ئىشان مەشرەب «خوب» دەپ تەرەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت ناماز ئۆتەپ ھاسىلارنى بېشىغا تەگكۈزۈپ، ئاندىن يەرگە سانجىدى. ئىشان مەشرەب بۇ ئىشلارنى تامامىغا يەتكۈزۈپ بولۇپ، بۇ تۇھپىنى ئېلىپ كەلگەن ئەزىزدىن:
— ئەي سوپى، بۇ ھاسىلار كىمنىڭ؟ — دەپ سورىدى. سوپى:
— ئاۋۋالقى ھاسا شەيخ مىيانىنىڭ؛ ئىككىنچى ھاسا شاھ مەسۇم ۋەلىنىڭ؛ ئۈچىنچى ھاسا ھەزرىتى باقى بىللاھنىڭ؛ تۆتىنچى ھاسا ھەزرىتى خاجە كۆشەشنىڭ، — دەپ جاۋاب بەردى.
ۋاقتى ـ سائىتى يېتىپ، بۇ تۆت ھاسا كۆكىرىپ، يوپۇرماق چىقىرىپ دەرەخ بولدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ئېزىپ سۈيىنى ئىچسە، ھەرقانداق جاراھەت ساقىيىپ كېتەرمىش.
ئىشان مەشرەب شەيخ ئابدۇرەھمان تاشكەنتىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ يەنە «ھۇ» دەپ بەلخ شەھىرىگە راۋان بولدى. بىرنەچچە قەلەندەر شاھ مەشرەبكە ھەمراھ بولۇپ ئەگەشتى. ئىشان مەشرەب ئېشىكىگە تەتۈر مىنىپ، ساتارىنى قولىغا ئېلىپ، بۇ مۇستەھزادنى ئوقۇدى:

ئەي مەھۋەش، گۇلچېھرە، سۇمەنساي نىگارىم،
كۆڭۈل ساڭا شەيدا،
جەبرۇ سىتەمىڭ خوب تۇرۇر خاسەئى ئەييار،
ئاشىقغە ھۇۋەيدا.

ئەلقىسسە، ئىشان مەشرەب بۇ مۇستەھزادنى ئوقۇپ بەلخ شەھىرىگە كىرىپ كەلدى. قارىسا، بىر كىشى بىر پارچە يولۋاس تېرىسىنى ساتماق بولۇپ بازاردا كۆتۈرۈپ يۈرۈپتۇ. ئىشان مەشرەب ئۇ كىشىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ:

— ئەي قەلەندەر، بۇ يولۋاس تېرىسىنى ماڭا سېتىپ بەرگىن، مەن ئۇنى يېپىنچا قىلاي، — دېدى. ئۇ كىشىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەي قەلەندەر، سەن كىم يولۋاسنىڭ تېرىسىنى يېپىنچا قىلغۇدەك؟ — دەپ ئېتىغا قامچا ئۇردى. ئېخى ئىككى قەدەم قويمايلا ئېتى بىلەن يىقىلىپ چۈشتى. دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، سالامەت تۇرغىنىغا شۈكرى ئېيتىپ، يولۋاس تېرىسىنى ئىشان مەشرەبكە نەزىر قىلدى. يەنە ئۆزرە ئېيتىپ، ئىشان مەشرەبنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ئىشان مەشرەب ئۇ تېرىنى ئىككى پارچە قىلىپ، بىر پارچىسىنى دۈمبىسىگە يېپىنچا قىلدى. يەنە بىر پارچىسىنى ئېشىكىگە يېپىپ، ئېشەككە تەتۈر مىنىپ شەھەرنى تاماشا قىلىپ تۇراتتى، مولللاردىن بىرى كېلىپ، ئىشان مەشرەبكە سالام قىلدى ۋە:

— ئەي قەلەندەر، ئېتىڭىز نېمە؟ — دېدى. شاھ مەشرەب ئېيتتىكى:

— ئېتىم خۇدايى.

مولللار بۇ سۆزنى ئىشتىپ:

— تۇتۇڭلار ! بۇ قەلەندەر كاپىر بولدى. بۇنىڭ سۆزىدىن خۇدالىق دەۋاسى چىقىپ تۇرۇپتۇ. بۇ قەلەندەرنى ئۆلتۈرمەك كېرەك، — دەپ چۇقان سېلىشتى.

ئىشان مەشرەب ئېشەكتىن چۈشۈپ بەدەر قاچتى. شۇ قاچقانچە ئۇدۇل مەھمۇدخاننىڭ ئوردىسىغا كىرىپ كەلدى. كۆردىكى، مەھمۇدخان يەتتە ـ سەككىز يۈز كىشىگە ئاش نەزىر قىلىۋېتىپتۇ. ئىشان مەشرەب شۇ جامائەتنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ مەھمۇدخاننىڭ تەختىنىڭ ئاستىغا كىرىپ ياتتى. مەھمۇدخان بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. مەھمۇدخان ئىشان مەشرەبتىن گەپ سورىغۇچە ئوتتۇز ـ قىرىق موللا ئىشان مەشرەبنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىپ يېتىپ كەلدى. مەھمۇدخان مولللاردىن:

— بۇ نېمە ۋەقە؟ — دەپ سورىدى. مولللار:

— بۇ قەلەندەر ئېشەككە تەتۈر مىنىپ كېلىۋاتقانىكەن، بىز بېرىپ ئېتىنى سورىغانىدۇق، ئۇ: «ئېتىم خۇدايى» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ سۆزى كۇپۇرلۇقتۇر. شۇڭا، ئۇنى ئۆلتۈرمەك كېرەك، — دەپ جاۋاب بېرىشتى. مەھمۇدخان:

— ئەي قەلەندەر، بۇلار نېمە دەيدۇ؟ — دېدى. ئىشان مەشرەب.

— ئەي مەھمۇدخان، ئېشەككە تەتۈر مىنگىنىم راست. ئەمما، ئېتىمنى ئاتا ـ ئانام «خۇدايى بەردى» دەپ قويغانىكەن. بۇلار ئېتىمنى سورىدى. مەن: «خۇدايى» دەپ تېخى «بەردى» سىنى ئېيتماي تۇرۇپ، ئۇلار ئىت بولۇپ مېنى قوغلاشتى. مەن مۈشۈك بولۇپ بۇ يەرگە قېچىپ كەلدىم، — دېدى. بۇ يەردە تۇرغان خالايىق بۇ سۆزنى ئىشتىپ تېلىقىپ ـ تېلىقىپ كۈلۈشتى. مولللار مەسخىرىگە

قالدى. مەھمۇدخان ئىشان مەشرەبنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ:

— ئەي موللىلار، بۇ قەلەندەرنىڭ گۇناھىنى سىزلەردىن تىلەيمەن! — دېدى. موللىلار مەھمۇدخاننىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. ئىشان مەشرەب قولىغا ساتارنى ئېلىپ، مەھمۇدخانغا قاراپ بۇ مۇسەددەسنى ئوقۇدى:

ئەي پەرى، يۈز كۆرسەتىپ يۈز ناز بىلەن باققانمۇ سەن،
خىرمەنى ئۆمرۈمغە ئىشقىڭ ئوتىنى ياققانمۇ سەن،
مېھرىدەك ھۆسنۈڭغە زۇلفۇڭ ئەبرىنى ياپقانمۇ سەن،
ئۆزگە يۈزگە باقما دەپ، كۆزۈمگە مىخ قاققانمۇ سەن،
قەتل ئېتەرگە قەست ئېتىپ، باغرىمغە تىغ چاپقانمۇ سەن،
ئايلىنىپ ھەريانغە غەمزەڭ ئوقىنى ئاتقانمۇ سەن.

سۇنبۇلى رەيھان ساچار ھەردەم پەرىشان كاكۇلۇڭ،
بارچەنى بۇلبۇل قىلۇر ئول تازە ئاچىلغان گۇلۇڭ،
مەست ئېتەر ئەغيارنى لەب جامىدىن گۇلگۇن مۇلۇڭ،
لەئلى مارجانلار تۆكەر كۆز مەخزەنىدىن بۇلبۇلۇڭ،
ئىلتىفاتىڭ مەخزەنىدىن تاپمادى مەھزۇن قۇلۇڭ،
تالئىمغە لۇتفۇ ئېھسان ئىشكىن ياپقانمۇ سەن.

شادلىق ماڭا يىراقدۇر، مەسكەنىڭ مەيخانەدۇر،
تۈنۈكۈن ئىشرەت مەيىدىن كۆزلەرىڭ مەستانەدۇر،
لەئلگۈن مەي تابىدىن يۈزۈڭدە مىڭ دۇردانەدۇر،
جان ئۈمىد ئەيلەپ ئۇشۇل دەردلەر ئۈچۈن پەرۋانەدۇر،
دەردۇ مېھنەت تاشىدىن كۆڭلۈم مەنىڭ ۋەيرانەدۇر،
ناتەۋان كۆڭلۈمگە ھەردەم داغلار باسقانمۇ سەن.

قولدا شەكلى تىرناغىڭ ئىيدى ھىلالىمدۇر مېنىڭ،
كىم ئاڭا ھەيرانلىغىم دەفئى مەلالىمدۇر مېنىڭ،
كۆزنى گىريان ھۆسنۈڭە قىلغا خەيالىمدۇر مېنىڭ،
ئىتلارىڭ سەفىدە ئۆلمەكلىك كەمالىمدۇر مېنىڭ،
تەندە ھەريان ئوقلارىڭكىم نەۋنىھالىمدۇر مېنىڭ،
كۆڭلۈم ئالىپ ئۆرتەمەككە جانغە ئوت ياققانمۇ سەن.

مەندىن ئۇلدۇڭ نە ئۈچۈن، ئەي دىلرەبا، ئاشۇفتە ھال،
بارچە ئەل كۆڭۈل قۇشىن تۇتماق ئۈچۈن ئەيلەر خەيال،
لالە يەڭلىغ يۈزلەرىڭدۇر، قاشلارىڭ ئايدەك ھىلال،
دەم ـ بەدەم سۆز ئۇرنىغە لەبىڭ تۆكەدۇر جامى بال،

سەرۋ شاخىن ھەر تەرەفكە مايىل ئەتكەندەك شامال،
جىلۋە ئەيلەپ قايرىلارسەن خەمچەئى لەرزانمۇ سەن.

خوب ياراشىپتۇر، نىگارىم، باشىڭ ئۇزرە قەرقەرەڭ،
ئۇشبۇ زىننەتلەر بىلەن بۇ ناتەۋانغە بىر قارەڭ،
تەركى زۇلم ئەت، لەھزەئى رەھم ئەيلە، ئەي شاھى فەرەڭ،
قاراسى خۇبدۇر قاشىڭغە ھوسمە بىرلە سۇرمە رەڭ،
تۇرفە نازۇك گۇل يۈزۈڭدۇر، كىرپىكىڭ سانجىپ خەدەڭ،
بارچە مەھۋەش ئىشق ئارا قۇل، ھۇسن ئارا سۇلتانمۇ سەن؟

بادە ئىچسەڭ گۇل ئاچىلغاندەك قىلۇرسەن خەندەلەر،
جان تاپۇر قەھقەھ ئۈنۈڭدىن قايتادىن جان كەندەلەر،
تىيرى غەمزەڭدىن يولۇڭدا ھەر تەرەف ئەفكەندەلەر،
بارچە زىيبالار سىنى كۆرسە بولۇر شەرمەندەلەر،
لەيلىيۇ شىرىن كەبى كويىڭدا يۈز مىڭ بەندەلەر،
بارچە يۈزنى ناپەدىد ئەتكەن مەھى تابانمۇ سەن.

قەتل ئۈچۈن كىيگەن تونۇڭنى گۇل بىلەن تىككەنمىدۇر؟
ئولتۇرۇپ باق ھەر تەرەف ئاندىن ساچىلغاق قانمىدۇر؟
ھەربىرى گۇلدەك ئاچىپ يۈز، سەن كەبى جانانمىدۇر؟
تىغ ئۇرساڭ قاچماغايلار ئول قۇلۇڭ نادانمىدۇر؟
نازۇ غەمزەڭ تىغى بىرلە ئۆلمەگەن ھەم سانمىدۇر؟
ئوتمۇ سەن، يا گۇلمۇ سەن، يا لەئلىسەن، مەرجانمۇ سەن؟

ئاتەشىن لەئلىڭ مەيدىن جۇرئەتى قىلدىم تەلەب،
ۋەئدە قىلدىڭ لۇتفۇ ئىھساندىن بېرەي دەپ لەب ـ بەلەب،
باقمادىڭ، بىلمەم گۇناھىم، كۆز ئۈچى بىرلە قارەب،
بۇل ئەجەب مەھرۇملۇقلار بىزگە بولدى روزۇ شەب،
نە سەبەبتىن قوغلادىڭ مەن خەستە قۇلنى تەشنە لەب،
ئايتقىل تەڭرى ئۈچۈن، چىنمۇ سۆزۈڭ، يالغانمۇ سەن؟

جاننى يۈزمىڭ پارە قىلدى، دىلرەبا، نازىڭ سېنىڭ،
ئەلنى قۇربان ئەيلەمەكدۇر كۈندە ئەندازىڭ سېنىڭ،
ئۆلتۈرۈرگە، تىرگۈزۈرگە يوقدۇر ئەنبازىڭ سېنىڭ،
ئەل سۆزۈڭدىن جان تاپار، جاندۇركى ئەلفازىڭ سېنىڭ،
شەرھ قىل، جانان نەدۇر ھۇسنۇڭغە پەرۋازىڭ سېنىڭ،
ئۆرگىلەي، ئەي دىلرەبا، يا جانمۇ سەن، جانانمۇ سەن؟

قەتل ئېتەر ھەركۈندە مىڭ بىچارەنى كافىر كۆزۈڭ،
كېچە ئىشرەت بىرلە، قان تۆكمەكتە ئۆتكەي كۈندۈزۈڭ،
قايسى شاھنىڭ ھەددى مەنئ ئەتمەككە، ھاكىمسەن ئۆزۈڭ،
لەھزەدە يۈزمىڭ كىشىگە جان ئەتا ئەيلەر سۆزۈڭ،
غۇنچەدەك ئاغزىڭ ئاچىپ، مەشرەب قولۇڭنى تىرگۈزۈڭ،
ئۆلتۈرۈرسەن، تىرگۈزۈرسەن، ئېيسائى دەۋرانمۇ سەن؟

ئەلقىسسە، مەھمۇدخان ئىشان مەشرەبتىن بۇ بېيىتنى ئىشتىپ:

— مەن خېلىدىن بېرى «مەشرەب دېگەن بىر ئەۋلىيا بار ئىمىش، ئۇ مەككىنى تاۋاپ قىلىپ كەپتۇ» دەپ ئاڭلىغانىدىم. مەن ھەم شۇ ئەۋلىيانى بىر كۆرسەم دېگەن ئارزۇدا ئىدىم، — دېدى. ئەمما، ئىشان مەشرەب:

— ئەي مەھمۇدخان، مېنىڭ كۆڭلۈمدە سەن. مېنىڭ ئەجىلىم سېنىڭ قولۇڭدا. مېنى سەن شېھىت قىلىسەن. مېنىڭ ۋەسىيىتىم شۇكى، جەسىتىمنى ئېگىزرەك بىر يەرگە قويغىن. تاكى ھەركىم كۆرسە يىراقتىن دۇئايى خەير قىلىپ ئۆتكەي! — دېدى. مەھمۇدخان تەئەججۇپلىنىپ:

— ئەي تەقسىر، ھەددىم ئەمەس، — دەپ ئالدىدىكى ئاشنى ئىشان مەشرەبنىڭ ئالدىغا قويدى. ئىشان مەشرەب يېمەي ئىتنىڭ ئالدىغا قويدى. ئىت ھەم يېمەي بىر جايغا بېرىپ ياتتى. ئاندىن كېيىن مەھمۇدخان:

— تەقسىر، مېنىڭ ئېشىمنى نېمىشقا يېمەيسىز؟ — دېدى. مەشرەب:

— سېنىڭ ئېشىڭنى ئىت يېمىگەن يەردە، مەن قانداقسىگە يېگۈدەكمەن؟! — دېدى.

ئىككىنچى كۈنى مەھمۇدخان ئىشان مەشرەبنى يەنە چاقىرتقانىدى. ئىشان مەشرەب:

— ئەي مەھمۇدخان، بۇ مەجازىي تەختىڭنى ماڭا بەرگىن، مەن ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ باقاي، — دېدى.

مەھمۇدخان «جان دىلىم بىلەن» دەپ تەختىدىن چۈشۈپ مېھمانخانىنى بوشىتىپ بەردى. ئىشان مەشرەب مېھمانخانىغا كىرىپ، تەخت ئۈستىگە چىقىپ ھەممە يەرگە تەرەت قىلىپ قويدى. سائەتتىن كېيىن مەھمۇدخانىنىڭ ۋەزىرى كېلىپ قارىسا، تەخت نىجاسەتكە توشۇپتۇ. ۋەزىر ياقىسىنى يىرتىپ پادىشاھقا:

— ئەي پادىشاھىم، قايسى بىر يەردىن كەلگەن بەڭگى قەلەندەرگە ئىخلاس قىلىپ يۈرۈپسىز. پەرغانە زېمىنىدىن بىر قەلەندەر كېلىپ، پادىشاھ مەھمۇدخانىنىڭ تەختىنى نىجاسەت بىلەن بۇلغاپتۇ دېگەن بەتنامغا قالدىغان بولدۇق. ئىشەنمىسىڭىز ئۆزىڭىز بېرىپ كۆرۈڭ، — دېدى.

پادىشاھ مەھمۇدخان نۆكەرلىرى بىلەن كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، تەخت ئۈستى نىجاسەتكە توشۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ مەھمۇدخان:

— ئەي مەشرەب، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟! — دېدى. ئىشان مەشرەب:

— خوب قىلدىم. سەن يۇرت ئۈستىگە ئولتۇرساڭ ھېچ گەپ يوق، مەن سېنىڭ تەختىڭگە ئولتۇرسام نېمە بوپتۇ؟ — دېدى. پادىشاھ مەھمۇدخان بۇ سۆزنى ئىشىتىپ دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئەي جاللاتلار، كېلىڭلار، مەشرەبنى ئېلىپ بېرىپ دارغا ئېسىڭلار! — دەپ ئەمر قىلدى.

جاللاتلار شۇ دەقىقىدە ئىشان مەشرەبنى تۇتۇپ، قول - پۇتىنى مەھكەم بوغۇشلاپ دار ئاستىغا ئېلىپ باردى. تامام خەلق ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلدى. ئىشان مەشرەب ئۆز - ئۆزىگە: «ئەي جان، كىشى مەشۇقىنى كۆرگىلى بارسىمۇ قورقامدۇ؟» دەپ جېنىغا قۇۋۋەت بېرىپ:

— ئەي جاللاتلار، ماڭا تىغ ئۇرماقچى بولساڭلار، بىر قېتىم ئۇرۇڭلار، ھەرگىزمۇ ئىككى قېتىم ئۇرۇپ سالماڭلار ! — دەپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

ۋادەرىخا، دەرد بىرلەن مەن ئەدا بولدۇم، نېتەي؟
دۇررۇ گەۋھەرنى يىتۇردۇم تابمايىن ئۆلدۇم، نېتەي؟

ئەلقىسسە، ئىشان مەشرەب بۇ غەزەلنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن: «كېلىڭلار، ئەي جاللاتلار، مېنى چېپىڭلار !» دەپ بىرلا سىلكىنىپ دارغا ئېسىلدى. جاللاتلار كېلىپ ئىشان مەشرەبنىڭ ھەلقۇمىغا تىغ ئۇردى. ئىشان مەشرەب جان بەھەق تەسلىم قىلدى. «قالۇ ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن» ( بىز ئەلۋەتتە ئاللانىڭ بەندىلىرىمىز، چوقۇم ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز ).

ئاندىن كېيىن بەلخ شەھىرىنىڭ ئۇلۇغ - ئۆششاقلىرى شاھ مەشرەبكە ماتەم تۇتۇپ يىغا - زار قىلىشتى. ئىشان مەشرەب ئون تۆت كۈنلۈك ئايدەك بولۇپ ياتتى.

پادشاھ مەھمۇدخان سائەت ۋاقتىتىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ:

— ئەي ۋەزىرلەر، ئىشان مەشرەب قېنى؟ — دەپ سورىدى. ۋەزىرلەر:

— ئەي پادشاھىم، ھېلى ئۆزىڭىز «ئۆلتۈرۈڭلار» دەپ ھۆكۈم قىلغانىدىڭىز، جاللاتلار ئېلىپ چىقىپ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى، — دەپ جاۋاب بېرىشتى. پادشاھ مەھمۇدخان قولىنى تىزىغا ئۇرۇپ:

— ھەي دەرىخ ! ئەي نائىنساپلار، سىلەرنىڭ ماڭا ياردەمچى بولغىنىڭلار قېنى؟ ! ئانچىكىم بىر ئوغرىنىڭ گۇناھىنى مەندىن تىلەيتتىڭلار. شۇنداق ئۇلۇغ ئەۋلىيانى مەندىن تىلىۋالمىدىڭلار ! مەن سىناپ باقماق ئۈچۈن كۆزۈمنى قىسىپ شۇنداق ھۆكۈم قىلغان، — دەپ، دەرغەزەپ بولۇپ ئېتىغا مىنىپ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئىشان مەشرەب ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. پادشاھ مەھمۇدخان:

— ئەي نائىنساپلار، مەن سىلەرنى ئىشان مەشرەبنى «ئۆلتۈرۈڭلار !» دېگەندە، كۆزۈمنى قىسىپ قويغانىدىم، — دېدى. ۋەزىر ۋە جاللاتلار:

— بىز بىلمەپتۇق، — دېيىشتى.

ئەلقىسسە، پادشاھ مەھمۇدخان پۇشايمان ۋە نادامەتلەر قىلىپ، زار - زار يىغلاپ ئىشان مەشرەبنىڭ مۇبارەك جەسىتىنى لەھەدكە دەپنە قىلدى. ئىشان مەشرەبنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە ئۈچ كۈن بولغانىدى. تۆتىنچى كۈنى پادشاھ مەھمۇدخان ھەم ئالەمدىن ئۆتتى.

ۋەللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب ( خۇدا توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر )①.

( نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، دوتسېنت )

① بۇ كىتاب نىيازخوجا مىلك بېگى دېگەن كىشىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ھىجرىيە 1230 - يىلى ( مىلادىيە 1814 — 1815 - يىللىرى ) خاجە ئەھمەد تەرپىدىن قەلەمگە ئېلىنىپ كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن قولىيازما نۇسخىدىن رەتلىنىپ نەشرگە تەييارلاندى.

# شىنجاڭ ۋە پەرغانىدە تېپىلغان مازار ھۆججەتلىرى

## مازار ھۆججەتلىرى تەتقىقاتىغا كىرىش

سۇگاۋارا جۇن [ ياپونىيە ]

### 1. مازار ھۆججەتلىرى

مازار ( ئىسلامنىڭ مۇقەددەس جايلىرى ) ئىسلام ۋەلىلىرىنىڭ ئېتىقادى نىشان قىلىنغان ئىسلامىي ئېتىقاد، كېسەل داۋالاش، بالا تىلەش قاتارلىق رېئال مەنپەئەتنى ئاساس قىلغان ئاممىۋى ئېتىقاد بىر گەۋدە قىلىنغان قۇرۇلما بولۇپ، ئۇزاق تارىخىي جەرياندا مەنىۋى ئۇزۇقلۇق رولىنى ئويناپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مازارلار تاۋاپ ۋە تىلاۋەت مەقسىتىدە كەلگەن ئۆزىنىڭ تار تۇرمۇش دائىرىسىدىن ھالقىغان كەڭ جامائەتنىڭ ئۇچرىشىش ئورنى بولۇش سۈپىتى بىلەنمۇ جەمئىيەتتە مۇھىم ئورۇن بولۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن[①].

بۇ كىتابتا تۈزگۈچىلەر تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن «مازار ھۆججەتلىرى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ كىشىلەر ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ساقلاپ كەلگەن، مازارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى، مازارلارنىڭ قوغدىلىش ئەھۋالى، باشقۇرۇلۇشى، دىنىي مۇراسىملارنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى كۆرسىتىدىغان ئاتالغۇدۇر. مازارلار جەمئىيەتتە ئالاھىدە رول ئويناپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ھۆججەتلەر شۇ مازارلارغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ قولىدا تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. ھۆججەتلەرنىڭ سانى، ساقلىنىش ئەھۋالى، مەزمۇنلىرىمۇ ھەرقايسى جايلاردا ئوخشىمايدۇ، بولۇپمۇ بۇ كىتابتا تونۇشتۇرماقچى بولغان پەرغانە ۋە شىنجاڭدىن تېپىلغان ھۆججەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بەك چوڭ.

مازار ھۆججەتلىرى مازارلارنى ساقلاپ كەلگەن شەيخلەرنىڭ ھەقىقىيلىقى ( مازارلاردا ياتقان ۋەلىلەرنىڭ بىۋاسىتە تۇغقانلىرى ياكى مۇرىتلىرى ) نى ئىسپاتلايدىغان ھۆججەتلەر، مازار قۇرۇلۇشى، كۆ-

---

① «مازارنىڭ جەمئىيەتتىكى فۇنكسىيىسى ۋە تارىختا ئويناپ كەلگەن رولى توغرىسىدا»، شىنمەن ياسۇشى، ساتادا ياسۇشى، ۋاڭ جيەنشىن (تۈز): «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بازار ۋە مازارلىرى»، (ئىسلام مەدەنىيىتى مەجمۇئەسى70 ـ سان)، توكيو، توكيو چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا ـ ئافرىقا تىل ـ مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى، 2002 ـ يىلى، ياپونچە؛ راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇر مازارلىرى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى.

لىمى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن ھۆججەتلەر، مازار ۋەخپىسىگە مۇناسىۋەتلىك ياكى مازارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ بىر قىسمى 17 ــ 18 ـ ئەسىرلەردە يېزىلغان. قالغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى 19 ــ 20 ـ ئەسىرلەردە يېزىلغان.

ھۆججەتلەر يېزىلغان دەۋرلىرىگە قاراپ، پارسىي ۋە تۈركىي تىللاردا يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن بەزىدە ئەرەبچە جۈملىلەر ئارىلاش كەلگەن ھۆججەتلەرمۇ ئۇچرايدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە رۇسچە ۋە خەنزۇچە قوشۇلۇپ يېزىلغان ھۆججەتلەرمۇ ئۇچرايدۇ.

مازار ھۆججەتلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ھۆججەتلەرنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. نەسەبنامە، شەجەرە ياكى جورۇغقاي

ھۆججەتلەر ئارىسىدا مۇھەممەد پەيغەمبەر بىلەن ھۆججەتنىڭ ئىگىسى ئوتتۇرىسىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان نەسەبنامىلەر بار. گەرچە مازارلاردا ياتقان بىر قىسىم ۋەلىلەر ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى كىشىلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ نەسەبى مۇھەممەد پەيغەمبەرگە باغلاپ قويۇلغان.

نەسەبنامىلەر شەكىل جەھەتتە دەرەخ شەكلىدە شاخلىتىپ ۋە يىلتىز تارتقۇزۇپ بايان قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئاددىي بايان قىلىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلگە ئىگە. نەسەبنامىلەر ئاساسەن تۇرمىلەك شەكلىدە يۆگەلگەن بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىردىن ئاشىدۇ.

2. تەزكىرىلەر

دەپنە قىلىنغان ۋەلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئائىت ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەزكىرىلەردە مازاردا ياتقان ئاساسلىق شەخسنىڭ كارامەتلىرى، دىنىي پائالىيەتلىرى ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇلىدۇ. تەزكىرىلەرنىڭ يەنە مازارنى ساقلىغۇچى شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى دىنىي ئىمتىيازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش رولى بار.

3. شەيخلىككە تەيىنلەنگەنلىك خېتى

پەرغانىدە شەيخلەرنىڭ كۆپىنچىسى شۇ دەۋردىكى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

4. ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىلگەنلىك خەتلىرى

بۇ خەتلەر پەرغانىدىكى ۋەلى ئەۋلادلىرىغا شۇ چاغدىكى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن بېرىلگەن باجدىن كەچۈرۈم قىلىنغانلىق قاتارلىق ئالاھىدە ئىمتىياز خەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىدىكى 3 ـ تۈر ۋە مۇشۇ 4 ـ تۈردىن مازارلارنىڭ جەمئىيەتتىكى سىياسىي ئورنىنى بىلگىلى بولىدۇ.

5. ۋەخپەنامىلەر

ۋەخپەنامىلەر مازار ۋە مازارغا قاراشلىق مەسچىت، مەدرىسىلەرگە قىلىنغان ۋەخپەلەرگە ئائىت گۇۋاھلىق خەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار يەرلىك خەلق بىلەن مازار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ۋە باشقا كونكرېت مۇناسىۋەتلەرنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

6. ئەرز، دەۋا ـ دەستۇر ھۆججەتلىرى

بۇلار شەيخ تەيىنلەش ماجىراسىغا ئائىت ئەرز، پەتىۋا ـ ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆججەتلەر بولۇپ، مازارنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان پايدا ـ زىيىنىنى تەپسىلىي بىلىشتىكى مۇھىم

ماتېرىيال.

7. مۇقەددەس جايلارنى زىيارەت قىلىش كىتابى

مازارلارنى زىيارەت قىلغۇچىلار ئۈچۈن تەييارلانغان ئەسەر. مازارنىڭ ئىسمى، دەپنە قىلىنغان كىشىنىڭ ئىسمى، ئورنى قاتارلىق ئاساسىي مەلۇماتلارغا يەنە مازارلارغا مۇناسىۋەتلىك تارىخ، ئەپسانىلەر، شۇ مازارنى زىيارەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى، زىيارەت قىلىشتىكى پەرھىزلەر قوشۇمچە قىلىنغان ماتېرىيالدۇر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا مازار ئەتراپىدىكى مازارلاغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان توختام خەتلىرى، يەر سېتىش، سېتىۋېلىش، ئىجارە خېتى، ئۆتۈنۈپ بېرىش خېتى، مىراس، ۋەكىللىك خېتى قاتارلىقلارنىمۇ كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، مازار ھۆججەتلىرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. بۇ ھۆججەتلەر مازارلارنىڭ شۇ جەمئىيەتتىكى ماددىي ۋە مەنىۋى فۇنكسىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدىغان جانلىق ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ھۆججەتلەر ھازىرقى رېئال ئەھمىيىتىدىن سىرت، ئىلمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا يەنە مازارلارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى، جەمئىيەتتە ئويناپ كەلگەن رولى قاتارلىق ئۆچۈرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 2. خەتەرلىك ئەھۋال ئاستىدىكى مازار ھۆججەتلىرى

ئالاي تاغلىرىنىڭ ئىككى يېقىغا جايلاشقان شىنجاڭ ۋە پەرغانە رايونىدا مازارلار كۆپ بولۇپ، خەلقنىڭ مازارلارغا چوقۇنۇش ئادەتلىرى ھېلىھەم مەۋجۇت. ھەر ئىككى رايوندىكى مازار ھۆججەتلىرى يۇقىرىدا ئېيتقاندەك كىشىلەر تەرىپىدىن قەدىرلىنىپ كەلگەچكە، بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن. بىراق، بۇ مازار ھۆججەتلىرىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىدىن سۆز ئېچىش تەس. 20 ـ ئەسىردە يۈز بەرگەن ئىككى چوڭ ئۆزگىرىش، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەقىل مىللىي دۆلەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى؛ جۇڭگودىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ھەرىكىتىدىن كېيىن، ھەر ئىككى رايوندىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قايتا جانلىنىشقا ۋە ئىككى رايون ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسى ئەسلىگە كېلىشكە يۈزلەنمەكتە. بىراق، يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، يۇقىرىقى ئەھۋاللارنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، دىندىن يىراقلىشىش ئەھۋالى ناھايىتى تېز بولماقتا. بۇ خىل ئەھۋال ئەنئەنىۋى دوكۇمېنتلارغا خەتەرلىك ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەكتە.

پەرغانە رايونىدا سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ بەش مۇستەقىل دۆلەت بارلىققا كەلگەن ھازىرقى شارائىتتا، پۈتكۈل مەملىكەت بويىچە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە تارىخنى قايتا تونۇشنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تارىخىي ماتېرىياللارغا كۆڭۈل بۆلۈش تازا ياخشى ئەمەس. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، يېقىنقى زاماندىكى ئىسلام دىنى ئېتىقادى قايتا جانلىنىپ، مازارلارغا قىزىقىش كۈنسېرى ئاۋاتلىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن خەلقنىڭ مازار ھۆججەتلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە ئېغىر ئېگىز ـ پەسلىك بار بولۇپ، ياشلارنىڭ مازار ھۆججەتلىرىگە بولغان چۈشەنچىسى ناھايىتى تۆۋەن.

شىنجاڭدا بولسا، جۇڭگونىڭ يېقىنقى مەركەزلەشكەن دۆلەت پىلانى بولغان «غەربىي رايوننى كەڭ

كۆلەمدە ئېچىش» پىلانىنىڭ تەسىرى بىلەن نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ھەددىدىن زىيادە تېزلىشىپ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەتتە تۈپلۈك ئۆزگىرىش دولقۇنى پەيدا بولۇپ، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاجىزلاۋاتىدۇ، ھەتتا يىمىرىلىۋاتىدۇ، دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بۇ رايوندا كۆپ ئۇچرايدىغان دىنىي قۇرۇلۇشلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ۋەيران بولۇشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، يېقىنقى يىللاردىكى ئەھۋالنى، جۈملىدىن ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتىدە مازارلارنى ساياھەت ئورنى قىلىپ بېكىتىش ئەھۋالىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. مازار قۇرۇلۇشى، خەلقنىڭ مازار، تاۋاپ قىلىش پائالىيەتلىرى ھازىرقى ساياھەتچىلەرنىڭ زىيارەت ئوبيېكتى بولۇپ قالماقتا. شۇنىڭ بىلەن يەرلىك جەمئىيەتنىڭ مازارلارنى ئەنئەنىۋى باشقۇرۇش ئۇسۇلى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا قاراپ ئۆزگەرمەكتە.

دېمەك، پەرغانە ۋە شىنجاڭدىن ئىبارەت ئىككى رايوندا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە بىرى مۇستەقىل دۆلەت مەيدانىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىۋاتقان، شىنجاڭدا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت كونسېرى سوسىلاۋاتقان قارىمۇ قارشى ۋەزىيەتتە مازار ھۆججەتلىرى يەنىلا يوقىلىش خەتىرىگە دۇچ كەلمەكتە. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ھەر ئىككى رايوندا مازار ھۆججەتلىرىنىڭ تەقدىرى ئوخشاش. مۇنداق ۋەزىيەتتە مازار ھۆججەتلىرىنى يىغىپ ساقلاش — ئىككى رايوننىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ساقلاش، ئەنئەنىۋى يەرلىك جەمئىيەت ئەھۋالىنى چۈشىنىشتە جىددىي قىلمىسا بولمايدىغان تەخىرسىز ۋەزىپىدۇر.

### 3. مازار ھۆججەتلىرىدىكى يېتەرسىز بىبلىئوگرافىيىلىك ئۇچۇر ۋە ئازغىنە تۈپلانما

قولىيازما ياكى ئاددىي توختامنامە قاتارلىق يازما ماتېرىياللار ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونىڭ ئىلمىي ئورگانلىرى تەرىپىدىن سىستېمىلىق يىغىۋېلىنىش نەتىجىسىدە ھەرقايسى ئارخىپخانىلاردا مەلۇم مىقداردا ساقلانماقتا. لېكىن، مازار ھۆججەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار ۋە جامائەت ئورۇنلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ھۆججەتلەر بەك ئاز. مازار ھۆججەتلىرىنىڭ ساقلىنىشىغا ئائىت ئۇچۇر ھەمدە مازار ھۆججەتلىرىنىڭ مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇمات خاراكتېرلىك ماتېرىياللار تېخىمۇ ئاز.

بۇنىڭ سەۋەبىگە كەلسەك، خەلققە جىددىي كېرەكلىك بولمىغان ماتېرىياللارنىڭ ئىلمىي ئورۇنلار تەرىپىدىن يىغىۋېلىنىپ، خەلق ئورتاق قەدىرلەپ ساقلاپ كېلىۋاتقان مازار ھۆججەتلىرىنىڭ بۇ يىغىۋېلىش پىلانىنىڭ سىرتىدا قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

دېمەك، ھازىر جەمئىيەتتە ساقلىنىۋاتقان مازار ھۆججەتلىرى جامائەت ئورۇنلىرىدىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان قىممەتلىك ماتېرىياللاردۇر. بۇ خىل خەتەرلىك ئەھۋال ئاستىدا، مازار ھۆججەتلىرىگە ئائىت خەۋەرلەرنى خاتىرىلەپ تەتقىقاتتا پايدىلىنىش مۇھىتىنى يارىتىشنىڭ ئۆزى ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت بولۇپ قالغۇسىدۇر.

### 4. مازار ھۆججەتلىرىنى يىغىش

بۇ كىتابنىڭ تۈزگۈچىلىرى باشچىلىقىدىكى يۇقىرىقىدەك ئورتاق چۈشەنچىگە ئىگە بولغان تەتقىقاتچىلار مازار ھۆججەتلىرىگە بىۋاستە ئالاقىدار يەرلىك خەلق بىلەن ھەمكارلىشىپ، مازار ھۆججەتلى-

رى بار ئورۇننى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشىنى، يەنى مازار ھۆججەتلىرى تەتقىقاتى پىلانىنى قولغا ئالدۇق. بۇ پىلان پەرغانە ۋە شىنجاڭدىن ئىبارەت ئىككى رايوندا مازار ھۆججەتلىرىنى ساقلاش شارائىتىنى يارىتىپ، شۇ رايونلاردىكى مازارلار مەركەز قىلىنغان ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ساقلاپ داۋاملاشتۇرۇشقا ھەسسە قوشۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. يەنە ھەر ئىككى رايوندىكى مازار ھۆججەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ، مازارلار مەركەز قىلىنغان يەرلىك تارىخنى قايتا بەرپا قىلىش ھەمدە ئىككى رايونغا ئورتاق مەدەنىيەت قاتلىمىنى ئېچىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرۈشتىن ئىبارەت.

بۇ تەتقىقات پىلانىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىرنەچچە گورۇپپا ۋە شەخسلەرنىڭ ھازىرغىچە مازار ۋە «مازار ھۆججەتلىرى» تەتقىقاتى توغرىسىدا ئېلىپ بارغان تەتقىقات ۋە تەكشۈرۈشلىرى، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە قولغا كەلتۈرگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا داۋاملاشقان دېگەن نۇقتىنى بۇ جايدا ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. تەتقىقات گورۇپپىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

(1) 1996 ـ يىلى. شىنجاڭنىڭ قەشقەر، تۇرپان ۋىلايەتلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان مازار تەكشۈرۈشى. شىنمەن ياسۇشى، سانادا ياسۇشى، ۋاڭ جيەنشىن ( ياپونىيە ھۆكۈمىتى مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات خىراجىتى بىلەن ): «ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۇچرىشىش مېخانىزمى ــ ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە ئۇنىڭغا ئائىت ئۇچۇرلار توغرۇلۇق ئومۇمىي تەتقىقات». باشلىقى ياجىما خىكوئىچى بىلەن بىرلىكتە①.

(2) 1998 ـ يىلى. شىنجاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدە ئېلىپ بېرىلغان مازار تەكشۈرۈشى. ساۋادا مىنورۇ، خورى سۇنائو ( شەخسىي تەتقىقات خىراجىتى بىلەن )②.

(3) 2000 ـ يىلى. شىنجاڭنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدە ئېلىپ بېرىلغان مازار تەكشۈرۈشى. ساۋادا مىنورۇ، سۇگاۋارا جۇن ( ياپونىيە ھۆكۈمىتى مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات خىراجىتى بىلەن ): «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت ئورتاقلىقى ۋە ئىسلام تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات»، باشلىقى شىنمەن ياسۇشى.

(4) 2005 ـ يىلى. شىنجاڭنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئېلىپ بېرىلغان مازار تەكشۈرۈشى. سۇگاۋارا جۇن ( توكيو چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا ـ ئافرىقا تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقات ئىنستىتۇتى SACIG قۇرۇلۇشى ): «ئىچكى ئاسىياغا ئائىت ئۇچۇر مەنبەلىرىنى بەرپا قىلىش»، باشلىقى ناكامى تاتسۇئو③.

(5) 2005 ـ يىلى. ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە ئوبلاستى ۋە شىنجاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدە ئېلىپ بېرىلغان مازار تەكشۈرۈشى. ساۋادا مىنورۇ، شىنمەن ياسۇشى، سۇگاۋارا جۇن، كاۋاخارا يايوئى، ئاشىر-

① شىنمەن ياسۇشى، سانادا ياسۇشى، ۋاڭ جيەنشىن (تۈز): «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بازار ۋە مازارلىرى» ( ئىسلام مەدەنىيىتى مەجمۇئەسى 70 ـ سان )، توكيو چەتئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا ـ ئافرىقا تىل ـ مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى، 2002 ـ يىلى، ياپونچە.

② ساۋادا مىنورۇ: «ئوردام پادىشاھىنىڭ مۇقەددەس دائىرىسى توغرىسىدا»، «ئىچكى ئاسىيا تەتقىقاتى» 14 ـ سان، 91 ــ 109 ـ بەتلەر، ياپونچە؛ ساۋادا مىنورۇ: «تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى ئىسلامغا ئائىت تارىخىي يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈش دوكلاتى»، تېزۇكاياما گاكۇئىن ئۇنىۋېرسىتېتى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى فاكۇلتېتىنىڭ يىللىق ئىلمىي ژۇرنىلى، قوشۇمچە سان، 49 ــ 70 ـ بەتلەر، ياپونچە.

③ ساۋادا مىنورۇ: «تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى مۇقەددەس قەبرىگاھلار»، تېزۇكاياما گاكۇئىن ئۇنىۋېرسىتېتى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى فاكۇلتېتىنىڭ يىللىق ئىلمىي ژۇرنىلى، 2 ـ سان، 160 ــ 182 ـ بەتلەر، ياپونچە. سۇگاۋارا جۇن: «شەھىدانە خوتەن»، توكيو چەتئەل تىللىرى فاكۇلتېتى ئاسىيا ـ ئافرىقا تىل ـ مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى خەۋەرلىرى، 101 ـ سان، 10 ــ 17 ـ بەتلەر، ياپونچە.

بەك مۆمىنوف، نادىربەك ئابدۇئەھەتوۋ ( نارا يىپەك يولى تەتقىقات مەركىزى: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام دىنىغا ئائىت مۇقەددەس جايلار تەتقىقاتى ـ پەرغانە ۋادىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا»)لار بىلەن[1].

بولۇپمۇ، ئەڭ ئاخىردا كۆرسىتىلگەن نارا يىپەك يولى تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان تەتقىقات پائالىيىتىنى قاتناشقان ئەزالارنىڭ كۆپلۈكى ۋە تەكشۈرۈش ئوبيېكتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، مازار ھۆججەتلىرى تەتقىقاتىدا ئەھمىيەتلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بىر ھەقىقىي مازار ھۆججەتلىرى تەتقىقاتى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يۇقىرىقىدەك تۈرلۈك تەتقىقات پائالىيەتلىرى ئۇچۇن تەشكىللەنگەن بۇ گۇرۇپپىدا بۇ كىتابنىڭ تۈزگۈچىلىرىدىن بىرى ھەمدە مەزكۇر تەتقىقات پىلانىنىڭ باشلىقى بولغان سوگاۋارا جۇن ( توكيو چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا ـ ئافرىقا تىل ـ مەدەنىيىتى ئىنستىتۇتى )، يەنە بىر تۈزگۈچىسى كاۋاخارا يايويى ( ياپونىيە ئىلمىي تەرەققىيات جەمئىيىتى )، ساۋادا مىنورۇ ( تویاما ئۇنىۋېرسىتېتى )، شىنمەن ياسۇشى ( چيۇئو ئۇنىۋېرسىتېتى ). سوگاخارا مۇتسۇمى ( توكيو چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتى )؛ ئاشۇربەك مۆمىنوف ( قازاقىستان شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى )، نادىربەك ئابدۇئەھەتوف ( پەرغانە ۋىلايەتلىك مۇزېيى )، ئابلىز ئۇرخۇن ( شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى )؛ ئارسلان ئابدۇللا ( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى )؛ راھىلە داۋۇت ( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى )؛ ئەسەت سۇلايمان ( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ) ۋە يەرلىكتىن ھەمكارلاشقۇچى ئەلشىر تاشقۇلوپ ( پەرغانە ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت گېزىتى )، ئىسمائىلخان مەھمۇدوپ ( ئۆزبېكىستان ئۇچكۆۋرۈك ناھىيە كاتتا كېنەگەس مەسچىتى )، زۆھرە تالىپ ( قۇمۇل ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر، تىل ـ يېزىق ئىشخانىسى ) لاردىن تەركىب تاپقان. بۇ پىلان «شىنجاڭ ۋە پەرغانىدىكى مازار ھۆججەتلىرىنى تەكشۈرۈش، يىغىش ۋە تەتقىق قىلىش» دېگەن تەتقىقات نامى بىلەن تويوتا فوندىنىڭ 2005 ـ يىللىق ئالاھىدە تەتقىقات تېمىسى بولغان «ئاسىيانىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى ئەنئەنىۋى ھۆججەتلەرنى ساقلاش، يىغىش، تەتقىق قىلىش» پىلانىغا ئېلىنغان. كىتابنى نەشر قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى — «پەرغانە ۋە شىنجاڭدىكى مازارلار» ( 2005 ـ يىلى 11 ـ ئايدا توكيو سۇئىدوباشىدا ئۆتكۈزۈلگەن ) بۇ تەتقىقات گۇرۇپپىسى ئۆتكۈزگەن تۇنجى ئىلمىي پائالىيەت بولۇپ، بۇ پائالىيەت تويوتا فوندىنىڭ بىر قىسىم ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن.

## 5. بۇ كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان ھۆججەتلەر توغرىسىدا

مەزكۇر كىتاب مازار ھۆججەتلىرى تەتقىقات پىلانىنىڭ ئاساسى بولغان ھۆججەت يىغىشنىڭ تۇنجى مېۋىسىدۇر. كەلگۈسى پىلانىمىزدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق، يوقىلىش ئالدىدا تۇرغان مازار ھۆججەتلىرىنى يىغىش، فاكسىمىل ھالىتىدە نەشر قىلىش، مەزكۇر ھۆججەتلەرنى تېخىمۇ زور ھاياتىي

① ساۋادا مىنورۇ (تۈز): «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام دىنىغا ئائىت مۇقەددەس جايلار تەتقىقاتى — پەرغانە ۋادىسى ۋە قەشقەر ۋىلايىتى»، «يىپەك يولشۇناسلىق تەتقىقاتى» توپلىمى، 28 ـ سان، نارا: نارا يىپەك يولى كۆرگەزمىسىنى خاتىرىلەش خەلقئارا ئالماشتۇرۇش فوندى، يىپەك يولشۇناسلىق تەتقىقات مەركىزى، ياپونچە، 2007 ـ يىلى نەشردىن چىقىش ئالدىدا.

كۆچكە ئىگە قىلىشنى باش ۋەزىپە دەپ قاراپ، قوربىمىزنىڭ يېتىشىچە تېخىمۇ كۆپ ھۆججەتلەرنى نەشر قىلدۇرماقچى. بۇ كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان مازار ھۆججەتلىرىنىڭ تەپسىلىي مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكى مەخسۇس تېمىلاردا تونۇشتۇرۇلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تۈزگۈچىلەر تەرىپىدىن ئەمەلىي تەكشۈرۈش جەريانىدا يىغىۋېلىنغان.

*

## شىنجاڭدا تېپىلغان ھۆججەتلەر

بۇ كىتابتا تونۇشتۇرماقچى بولغان شىنجاڭدىن تېپىلغان ھۆججەتلەر تۆۋەندىكى ئىككى خىلدىن ئىبارەت. 1. قۇمۇل شەھەر ئىچىدىكى ئەزىزىم ئاغچام مازىرىغا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەر ( تۈت پارچە: 10AE – 40 ). 2. قۇمۇلدىكى مازارلار تونۇشتۇرۇلغان بىر دانە ماتېرىيال ( 19 ۋاراق: 10MQ ). تىرناق ئىچىدىكى نومۇر تەتقىقات جەريانىدا تۈزگۈچى تەرىپىدىن قويۇلغان.

بۇ ھۆججەت ۋە قوليازما ماتېرىيال ھازىرغىچە تېخى تەتقىق قىلىنىشى ئاز بولغان قۇمۇل مازارلىرى ھەققىدە، ئەتراپلىق ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدىغان يېڭى ماتېرىياللار ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى خىل ماتېرىيال ھەققىدە 2003 ـ يىلى سۇگاۋارا جۇن مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن توكيو چەت ئەل تىلى ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا ـ ئافرىقا تىل ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ SACIG پىلانى جەريانىدا بايقىلىپ، ماتېرىيال ئىگىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن سۈرەتكە تارتىلغان، كېيىن تويوتا فوندىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن قايتا نەق مەيدان تەكشۈرۈشى ئۆتكۈزۈلگەن ماتېرىياللاردۇر. بۇلار ھازىرغىچە ئانچە تەتقىق قىلىنمىغان، قۇمۇلدىكى مازارلار توغرىسىدا كۆپرەك مەلۇمات بېرىدىغان يېڭى ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

### 1. قۇمۇل شەھىرىدىكى ئەزىزىم ئاغچام مازىرىغا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەر

( تۆت پارچە: EA01–04 )

ئەزىزىم ئاغچام مازىرى قۇمۇل كونا ( مۇسۇلمان ) شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى شەھەر ئەتراپى يېزىسىغا قاراشلىق ئەزىزىم مەھەللىسىگە جايلاشقان مازار بولۇپ، بۇ يەرگە ئەرەبىستانلىق بىبى رابىيەئى ئەدەۋىيىە ۋەلىيۇللا دېگەن ئايال كىشى دەپنە قىلىنغان، بۇ مازارغا ھەر يىلى قۇربان ھېيتىنىڭ ھارپا ئاخشىمى ئاياللار كېلىپ زىيارەت قىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئادەت بار[①].

رابىيەئى ئەدەۋىيىە ( ؟ ـ 801 ) تارىختىكى ئايال سوپىلار ئىچىدە «ئەڭ مەشھۇر» سوپىلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ[②]. ئوتتۇرا ئاسىيادا داڭلىق ئەسەر فەرىدىدىن مۇھەممەد ئەتتارنىڭ «تەزكىرەتول ـ

① ئايشەم ئەخمەت: «قۇمۇل»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى، 244 ـ 245 ـ بەتلەر.
② Trimingham, J.S, The Sufi Orders in Islam. New York & Oxford: Oxford University Press, 1998, p.18

ئەۋلىيا» دېگەن ئەسىرىدىمۇ بۇ بىرلا ئايال سوپى شەخس سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلغان①. بۇ داڭلىق سوپى مىلادىيە 801 ـ يىلى بەسرەدە ۋاپات بولغان②، قەبرىسىمۇ شۇ جايدا بولغاچقا، قۇمۇلدىكى مازارنى بۇ كىشىنىڭ قەبرىسى دەپ قاراش تەس. مۇشۇنداق پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز قەبرىگە مەشھۇر سوپىلارنىڭ ئىسمىنى قويۇش ئەھۋالى شىنجاڭ ۋە پەرغانىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئەزىزىم ئاغىچا مازىرىمۇ ئەسلىدە باشقا ئايال كىشىنىڭ مازىرى بولۇپ، كېيىنكى ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا ئۆزگىرىپ يۇقىرىقى مەشھۇر ئايال سوپىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغان بولسا كېرەك.

بۇ كىتابتا تونۇشتۇرماقچى بولغان تۆت پارچە ھۆججەت مۇشۇ مازارغا مۇناسىۋەتلىك ئىككى پارچە يەر خېتى بىلەن مازار شەيخىنىڭ ئىككى پارچە نەسەبنامىسىدىن ئىبارەت. مۇشۇ خەتلەرنىڭ ئىگىسى 2002 ـ يىلى مەزكۇر مازارنىڭ شەيخى بولغان يۈسۈپجان قاسىم شاھ (2003 ـ يىلى ۋاپات بولغان) بولۇپ، ھۆججەتتە بۇ كىشىنىڭ دادىسى بوۋىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن بۇ ھۆججەتلەرنى مەزكۇر مازار شەيخىنىڭ ئائىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال دېيىشكە بولىدۇ. يەر خەتلىرى بولسا 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مەزكۇر مازار ئەتراپىدىكى جەمئىيەتنىڭ مەلۇم ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى بىلىش ھەمدە قۇمۇلدىكى ھۆججەتلەرنىڭ ئۇسلۇبىنى چۈشىنىشتىمۇ مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. نەسەبنامىلەرنى مەزكۇر مازار ۋە مازار شەيخلىرىنىڭ قۇمۇلنىڭ يەرلىك جەمئىيىتىدە خېلى ئۇزۇنغىچە بىرقەدەر مۇھىم دىنىي رول ئوينىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن مۇھىم ماتېرىيال دەپ قاراشقا بولىدۇ.

EA01 نەسەبنامە ( تۈزۈلگەن ۋاقتى نامەلۇم )، 44 × 47cm.

قول ئەلى شاھ شەيختىن باشلانغان سەككىز ئەۋلاد شەيخنىڭ ( بالا ـ چاقىسى بولۇپ جەمئىي 60 نەپەر كىشى ) نەسەبنامىسى. ھۆججەت ئىگىسى يۈسۈپجان شەيخنىڭ دادىسى قاسىم شاھ، بوۋىسى نىياز شاھ شەيخلارنىڭ ئىسمى بۇ نەسەبنامىدە 7 ـ، 8 ـ ئەۋلاد شەيخ سۈپىتىدە يېزىلىدۇ.

EA02 نەسەبنامە ( تۈزۈلگەن ۋاقتى نامەلۇم )، 11 × 32cm .

قول ئەلى شەيخ ۋە ئۇنىڭ باللىرى بولۇپ، جەمئىي سەككىز شەيخنىڭ نەسەبنامىسى. ئادەم ئىسىملىرى AE03 تىكىگە ئوخشمايدۇ.

EA03 يەر سېتىش ھۆججىتى ( ھىجرىيە 1318 ـ يىلى ھەمدۇنە يىلى دۇئا ئاينىڭ 7 ـ كۈنى /1900/31/10 )، 31 × 21.5cm.

قارنى چوڭ ئىلياسنىڭ ئۆزىنىڭ ئىنچىكە ئېرىق ياقىسىدىكى تۆت چارەكلىك يېرىنى شەمسىيە تەركەنگە بەخشەندە قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەت. ئۈچ مۆھۈر.

---

① فەرىدىددىن مۇھەممەد ئەتتار: «تەزكىرەتۇل ـ ئەۋلىيا» (فۇجىتى مورىئو، ياپونچە تەرجىمىسى)، توكيو: كوكۇشو كانكو ـ كائى، 1998 ـ يىلى، 49 — 84 ـ بەتلەر؛ قۇمۇلدا ئەزىزىم ئاغىچام مازىرىنىڭ تەزكىرىسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر قولىيازما ساقلىنىۋاتىدۇ. بىز ئەمەلىي تەكشۈرۈش جەريانىدا بۇ قوليازمىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق، بىراق ئۇنىڭ مەزمۇنى «تەزكىرەتۇل ـ ئەۋلىيا» نىڭ مەزمۇنىغا ناھايىتى ئوخشايدۇ.

② Smith,Margaret,Rābia, Basri: The Mystic and Her Fellow – Saints in Islam. New Delhi: Kitab Bhavan, 2005, p.45

EA04 يەر سېتىش ھۆججىتى ( ھىجرىيە 1343 ـ يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 12 ـ كۈنى 6/4/1925)، 36cm × 30cm.

تۆلەك شاكىر ئۆزىنىڭ ئىنچىكە ئېرىققا جايلاشقان ئىككى چارەكلىك يېرىنى نىياز شاھ شەيخقا 50 سەر پۇلغا ساتقانلىقى ھەققىدىكى خەت. ئىككى مۆھۈر. نىياز شاھ شەيخ بولسا ھۆججەت ئىگىسى يۇسۇپجان شەيخنىڭ بوۋىسى.

## 2. قۇمۇلدىكى مازارلار تونۇشتۇرۇلغان ئەسەر

11 × 5.61cm ( 10MQ :ۋاراق 17 )

«قۇمۇل شەھىرى ئىچىدىكى ۋە تابىئەلىرىدىكى بارلىق بۇزرۇكۋار خوجاملارنىڭ ئىسىم شەرىپلىرى بۇ تۇرۇر» دېگەن جۈملىدىن باشلانغان 17 ۋاراقلىق ماتېرىيال. باشتىكى سەككىز ۋاراقتا 35 ئورۇندىن ئىبارەت بولغان قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى مازارلارنىڭ ئىسمى، مازارنىڭ ئورنى ۋە بەزى مازارلارنىڭ ئازغىنە ھېكايىسى تونۇشتۇرۇلغان. قالغان ۋاراقلاردا مازار زىيارىتىنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئۇسۇلى، ئوقۇلىدىغان ئايەتلەر، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن ئاپاق خوجىغىچە بولغان مەشھۇر سوپىلارغا ئوقۇلغان ھەمدۇ سانالار يېزىلغان[1].

ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ھەققىدە 4 ـ بەتتە قەيس خوجام قەبرىسىنىڭ شىڭشىڭشيادىن قۇمۇل شەھىرىگە كۆچۈرۈپ كېلىنگەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات بار، شۇڭا، بۇ ماتېرىيالنىڭ 1940 ـ يىلدىن كېيىن يېزىلغانلىقىدا گۇمان يوق[2]. دېمەك، بۇ ماتېرىيالنى كونا دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن قۇمۇلدىكى مازارلارغا ئائىت بۇنىڭدىن تەپسىلىيرەك باشقا نەرسە تېپىلمىغاچقا، بۇ ماتېرىيالنى قۇمۇلدىكى مازارلار تەتقىقاتى ئۈچۈن بىرقەدەر مۇھىم قىممەتكە ئىگە دەپ قاراشقا بولىدۇ.

*

# پەرغانە ۋادىسىدا تېپىلغان ھۆججەتلەر

كاۋاخارا يايوئى [ ياپونىيە ]

بۇ كىتابتا پەرغانە ۋادىسىدا تېپىلىپ رەسىمگە ئېلىنغان يەتتە پارچە ھۆججەتنى تونۇشتۇرىمىز. يەتتە پارچە ھۆججەتنىڭ تۆتى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم مازىرىغا، قالغان ئۈچى قارايازى بابا مازىرىغا ئائىت ھۆججەتلەردۇر. بۇ ھۆججەتلەر «نارا يىپەك يولى تەتقىقات مەركىزى» قوللىغان «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام دىنىغا ئائىت مۇقەددەس جايلار تەتقىقاتى ــ پەرغانە ۋادىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا» نامد-

---

① تويوتا فوندىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن نەق مەيدان تەكشۈرۈشىدە بۇ ئەسەردە تونۇشتۇرۇلغان مازارلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇتلۇقى مۇقىملاشتۇرۇلغاچقا، مۇشۇ ئەسەردىكى مەلۇماتلارنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنى يۇقىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

② «1945 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى قەيس خوجام مازىرىنىڭ كۆچۈرۈپ كېلىنىشى توغرىسىدا»، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن: «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1306 ـ بەت.

دىكى ئىلمىي تەتقىقات پىلانىغا ئاساسەن 2004 ـ يىلى يازدا ئېلىپ بېرىلغان پەرغانە ۋادىسىدىكى ئەمەلىي تەكشۈرۈشتە تېپىلغان ھەمدە تويوتا فوندى ياردەم بەرگەن «شىنجاڭ ۋە پەرغانىدىكى مازار ھۆججەتلىرىنى يىغىش ۋە تەتقىق قىلىش»ناملىق تەتقىقات پىلانىغا ئاساسەن، 2006 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئەمەلىي تەكشۈرۈش جەريانىدا يىغىلغان.

## 1. قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم مازىرىدا تېپىلغان ھۆججەتلەر①

### ئا. قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم مازىرى

ئورنى: ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئەنجان ۋىلايىتىنىڭ جەلە قۇدۇق ناھىيىسى سوپى يېزىسى كىلىچ ( كونا نامى: گۇرۇنچ ) قەبرىستانلىقىغا جايلاشقان.

كېلىپ چىقىشى: يەرلىك خەلقنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇ يەرگە 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىۋالغان ئەرەب لەشكەرلىرىنىڭ قوماندانى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى دەپنە قىلىنغانىكەن. قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم بۇ جايدا كۆپپارلار ( رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ ئېيتىشىچە ( قىتانلار) نىڭ پادىشاھى گۇلۇنچ ( كىلىچ ) نىڭ قىزى سۇلتان ئاناغا ئۆيلىنىپ، ئۈچ ئوغۇللۇق بولغان ۋە ئۆز ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگۈچە يەتتە يىل بۇ يەردە ياشىغانىكەن②.

ھازىرقى ئەھۋالى: قەبرىستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنىڭ قەبرىسى جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپىغا ئۈچ ئوغلى ۋە ئىككى نامەلۇم كىشى دەپنە قىلىنغان، قەبرە يېنىدا يەنە «خاسىيەتلىك سۇ» چىقىدىغان دەرەخ بار. مازار ئەتراپىدا قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنىڭ ئەۋلادى ھېسابلانغان «خوجا» لار ياشايدۇ. مازارغا يېقىن جايدا «خوجام مازىرى»، «قىرغىز مازىرى»، «ئۆزبېك مازىرى»، «كاشغەر مازىرى»، «قاراقالپاق مازىرى» ھەمدە «مۇندۇز مازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان مازارلار بار. قوشنا يېزىلاردىمۇ قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمغا مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە مازار بار. يەنە مۇشۇ سوپى يېزىسىدا «شېھىت مازىرى (گۇلۇنچى مازار، مازار بوۋا)» بار. تولۇق ئىسمى نامەلۇم بولسىمۇ، ئەمما يەرلىك خەلقنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ جايدا ئىلگىرى بىر قەلئە بولغان. مەزكۇر ناھىيىنىڭ قۇند يېزىسىدا بولسا، قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنىڭ خوتۇنى بولغان «سۇلتان ئانە» نىڭ مازىرى بار. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، سۇلتان ئانا مۇسۇلمان ئانا سۈپىتىدە قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمغا ياتلىق بولغان. قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم ئۆلتۈرۈلگەندە دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن غار ئىچىگە كىرىپ غايىب بولغان. بۇ ناھىيىنىڭ چەشمە يېزىسىدىكى

① قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم مازىرى ھەققىدە ئىلگىرى ئاپتور تەرىپىدىن لېكسىيە ئوقۇلغان ۋە ماقالە تەييارلانغان
Kawahara. Y, Tazkira of Qutayba ibn Muslim and his Mazar in the Ferghana Valley, International Conference «Mazars» in Ferghana and, Xinjiang November 26 – 27 2005, Conferece room, 4th floor Ogura building Suidobashi Tokyo; Kawahara. Y, The Mazar of Qutayba ibn Muslim : A Study Of the Oral Tradition and Historical Documents, Sawada Minoru (ed), Islamic Sacred Places in Central Asia: The Ferghana Valley and Kashghar Region (Silk Roadology 28, Bulletin of the Research Center for Silk Roadology), Nara: Research Center for Silk Roadology , The Nara International Foundation, 2007, pp. 49 – 65 (in Japanese, forthcoming).

② بۇ ئۇچۇرنى بەرگۈچى ئابدۇلھەمىد مەخسۇم ھاجى سىراجىددىنوف ( 1922 ـ يىلى تۇغۇلغان، مۇشۇ يېزىدا ياشايدۇ ).

«چەشمە بوۋا مازىرى» ۋە خوجائاباد ناھىيىسى يار يېزىسىدىكى «قەمبەر ئاتا مازىرى» نى بولسا يەرلىك خەلق قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنىڭ شېھىت بولغان ئەسكەرلىرىدىن بىرىنىڭ مازىرى دەپ قارايدۇ.

مازارغا ئائىت تارىخىي مەنبەلەر: 10 ـ ئەسىردە ياشىغان تارىخچى نارشاھىي ئۆزىنىڭ «بۇخارا تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە «قۇتەيبىنىڭ قەبرىسى پەرغانىدە مەشھۇر بولۇپ، كاخ يېزىسىدىكى راباتى سەرھەڭ دېگەن جايغا ئورۇنلاشقان، ئادەملەر ھەر يەرلەردىن بۇ يەرگە زىيارەتكە كېلىپ تۇرىدۇ» دېگەن مەلۇماتلار بار[①]. 14 ـ ئەسىردە ياشىغان جامال قارشىنىڭ «مۇلھاقاتى سۇراھ» ناملىق كىتابىدا بولسا «قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنىڭ قەبرىسى كىلىچ يېزىسىغا جايلاشقان» دەپ يېزىلغان[②]. ۋ.ۋ. بارتولد ئۆز ماقالىسىدە بۇ ئىككى تارىخچى تىلغا ئالغان جايناملىرىنى سېلىشتۇرۇپ، نارشاھىي يازغان «كاخ» سۆزىنىڭ «كىلىچ» سۆزىنىڭ خاتا يېزىلىپ قېلىشىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىدۇ[③]. ئېتنوگراف ئا. ك. پىسارچىك 1946 ـ يىلى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنىڭ مازىرى ھەققىدە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان[④].

## ب. ھۆججەتلەر

تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ ئىگىسى نەسرۇللاخان ھەسەتوپ ( 1938ـ يىلى تۇغۇلغان، ئاخۇنبابايېف شەھىرىنىڭ ئاھالىسى ) تۇر. بۇ كىشىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئۆزۈندىن بېرى مۇشۇ مازارغا شەيخلىق قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ھۆججەتلەر بولسا ئەۋلادمۇئەۋلاد مىراس سۈپىتىدە تاپشۇرۇلۇپ، قولدىن قولغا ئۆتۈپ ساقلىنىپ كەلگەنىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ شەيخى بولغان ئىكەن. مانا مۇشۇ مەلۇماتقا ئاساسەن، بۇ مازاردىكى ئىلگىرىكى زاماندا نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ پائالىيەتلىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

238.5 ×27.5cm:WT-QM-01

تۆۋەندىكى ئىككى پارچە ھۆججەتتىن ئىبارەت ئورالما ھالەتتە ساقلانغان ئۇزۇن ھۆججەتتۇر.

a. قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنىڭ تەزكىرىسى. باش قىسمى ساقلانمىغان.

b. ھىجرىيە 1271 ـ يىلى[⑤] رەجەپ ئېيى ( 1855 ـ يىلى مارت ـ ئاپرېل ئايلىرى ) دا پۈتۈلگەن

---

① *Description topographique et historique de Boukhara par Mohammed Nerchakhy suivie de textes relatifs à la Transoxanie*, texte persan publié par Charles Schefer, Reprint of the Edition Paris 1892, Frankfurt am Main, 1993, p.57; راباتى سەرھەڭ نامى «بابۇرنامە»كىتابىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان. Zahir al-Din Muhammad Babur, *Babur-Nama (Vaqayi')*, ed. by Eiji Mano, Kyoto, 1995, p.108, 110.

② Абу-л-Фадл ибн Мухаммад Джамал ад-Дин Карши, Мулхакат ас-сурах, (пере. с персидского Р.Ш. Шарафутдиновой) *Материалы по истории Средней и Центральной Азии X-XIX вв.*, Ташкент, 1988, стр.122.

③ Barthold, W.-{Spuler, B.}, Farghāna, *EI2*.

④ Писарчик, А. К., Некоторые данные по исторической топографии городов Ферганы, *Сборник статей посвященных искусству таджикского народа*, Сталинабад, 1956, стр.171-174.

⑤ دەسلەپتە 1261ـ دەپ يېزىلىپ، كېيىن 1271ـ يىلغا ئۆزگەرتىلگەن ياكى بۇ يىلنامە بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇشى مۇمكىن. بەزى قازىلارنىڭ مۆھۈرلىرىدە 1270ـ، 1271ـ دېگەن يىلنامىلەر كۆرۈلگەنلىكى ھەمدە مەللەخان ھۆكۈم سۈرگەن يىللار بولغانلىقى ئۈچۈن، 1271ـ يىلى يېزىلغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلدۇق.

خوجىلار نەسەبىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شەجەرىدە شاھ قۇتەيبە ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، جەمئىي 28 ئەۋلادقا مەنسۇپ 45 كىشىنىڭ ئىسمى يېزىلغان. نەسەبنامىنىڭ ئۇڭ تەرىپىگە قوقان خانى مەللەخان (1858 ـــ 1862- يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ مۆھۈرى، ئاستىغا قازىلارنىڭ 38 تال مۆھۈرى بېسىلغان.

750.4 × 31.5cm :WT-QM-02

تۆۋەندىكى ئالتە تال ھۆججەتتىن تەركىب تاپقان، ئۇرالما ھالەتتە ساقلانغان ئۇزۇن ھۆججەت.

a. قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنىڭ تەزكىرىسى. تولۇق. WT-QM-01 ھۆججەت ئا بىلەن ئوخشاش.

b. ھىجرىيە 1274 ـ يىلى رەبىيەل ئەۋۋەل ئېيى، يەنى مىلادىيە 1857- يىلى ئۆكتەبىر، نويابىر ئايلىرىدا پۈتۈلگەن خوجىلار نەسەبىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى نەسەبنامىدە شاھ قۇتەيبە ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ جەمئىي 27 ئەۋلادقا مەنسۇپ 32 كىشىنىڭ نەسەبى بېرىلگەن. توققۇز مۆھۈر بېسىلغان.

c. پەتىۋا 1: قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم ئەۋلادلىرىنىڭ خوجا ئەۋلادى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ باج ـ خىراجدىن ئازاد قىلىنغانلىقى ھەققىدە چىقىرىلغان پەتىۋا. 13 مۆھۈر بېسىلغان.

d. پەتىۋا 2 ( نۇسخا ): سەييىدلەرنى ھۆرمەت قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە چىقىرىلغان پەتىۋا.

e. پەتىۋا 3: خوجا ئەۋلادى بولمىش قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم ئەۋلادلىرىنىڭ باشقا ئادەملەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى پەتىۋا. بىر مۆھۈر بېسىلغان.

f. پەتىۋا 4: مازاردا ياشىغۇچى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنىڭ ئەۋلادلىرى خوجا ئەۋلادى بولغاچقا، مازارغا قىلىنغان سەدىقىلەرنى ئۇلاردىن ئېلىۋېلىشقا بولمايدىغانلىقى ھەققىدىكى پەتىۋا. يەتتە مۆھۈر بېسىلغان.

587 × 26cm :WT-QM-03

تۆۋەندىكى تۆت تال ھۆججەتتىن تەركىب تاپقان، يۆگەلمە ھالەتتە ساقلانغان ئۇزۇن ھۆججەت.

a. ھىجرىيە 1293- يىلى رەبىيەل ئەۋۋەل ئېيى، يەنى مىلادىيە 1867- يىلى ماي، ئىيۇن ئايلىرىدا تۈزۈلگەن نەسەبنامىدىن ھىجرىيە 1312- يىلى جەمادىيەل ئەۋۋەل ئېيى، يەنى مىلادىيە 1894- يىلى ئۆكتەبىر، نويابىر ئايلىرىدا كۆچۈرۈلگەن، خوجا ئەۋلادى بولمىش قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم ئەۋلادلىرىدىن تۆت ئەۋلادقا مەنسۇپ 10 كىشىنىڭ نەسەبنامىسى. تۆت مۆھۈر بېسىلغان.

b. پەتىۋا 1: WT-QM-02-c بىلەن ئوخشاش. توققۇز تال مۆھۈر بېسىلغان.

c. پەتىۋا 2 ( نۇسخا ): WT-QM-02-d بىلەن ئوخشاش.

d. پەتىۋا 3: مازار ئەتراپىدا ياشىغۇچى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان سارىمساق خوجا ئىشان، ئىسمائىل خوجا ئىشان، خال خوجا، خان خوجا ۋە ئىسمائىل خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى مازارغا قىلىنغان سەدىقىلەرنى ئېلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى ھەققىدىكى پەتىۋا. ئىككى مۆھۈر بېسىلغان.

35.6 × 21.9 :WT-QM-04

ھىجرىيە 1283- يىلى رامىزان ئېيى، يەنى 1867- يىلى يانۋار ـ فېۋرال ئايلىرىدا مازار مۆتىۋەللىلىرى، يەنى ئىسمائىل خوجا ئىشان، خان خوجا ئىشان، يۇنۇس خوجا ئىشان ۋە سارىمساق خوجا ئى-

شانلارغا قوقان خانى خۇدايارخان ( 1845 ـــ 1858، 1862 ـــ 1863، 1865 ـــ 1875 ـ يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن ) تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن باجلارنى كەچۈرۈم قىلىش ھەققىدىكى يارلىق.

## 2. قارايازى بابا مازىرىدىن تېپىلغان ھۆججەتلەر

### ئا. قارايازى بابا مازىرى

ئورنى: ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى پەرغانە ۋىلايىتى ئۆزبېكىستان ناھىيىسى بەشكەپە يېزىسىغا جايلاشقان.

كېلىپ چىقىشى: قارايازى بابانىڭ ئەسلىي ئىسمى ئەسەدۇللا بولۇپ، سەييىد بەتتال غازىنىڭ ئوغلى ئىكەن. بۇ ھەقتە تارىخىي مەنبەلەردىنمۇ، ئەمەلىي تەكشۈرۈش جەريانىدىمۇ ھېچقانداق مەلۇمات ئالالمىدۇق. 1859 ـ يىلى يۆتكەلگەن WT-QB-01 دە يېزىلغان نەسەبنامىدە قارايازى بابانىڭ 28 ـ ئەۋلادى يېزىلغانلىقىغا قارىغاندا، بۇ مازارغا دەپنە قىلىنغان كىشى ئىسلامىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ياشىغان بولسا كېرەك.

تۈركىيىدىن تاكى ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان ئارىلىقتا سەييىد بەتتال غازى دېگەن بىر ئەۋلىيا مەشھۇر. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ ھىيلە بىلەن ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىدىن كونستانتىنوپول ( ھازىرقى ئىستانبۇل ) نىڭ يېرىمىنى ئالغانىكەن. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سەييىد بەتتال غازىنىڭ قەبرىسى تۈركىيىنىڭ ئەسكىشەھەر شەھىرىگە جايلاشقان. بۇ مازارغا 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىن زىيارەتچىلەر ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغان[①]. مانا مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، كىشىلەر مۇشۇ قەبرىدە ياتقان شەخسنى قارايازى بابانىڭ دادىسى ھېسابلانغان سەييىد بەتتال غازىنىڭ ئۆزى دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ھازىرقى ئەھۋالى: مازاردا «مويى مۇبارەك» ( تەۋەررۈك چاچ ) دەپ ئاتىلىدىغان مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ چېچى سېلىنغان قۇتا بار[②]. قەبرە ناھايىتى چوڭ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن توققۇز مېتىرچە كېلىدۇ. مازار ئىچىدە ھاۋۇز بار. يەرلىك خەلقنىڭ ئېيتىشىچە، «قارايازى بابا» سۆزى «قارا تاشلىق دەشت» دېگەن مەنىدە ئىكەن. مازارغا قارايازى بابانىڭ ئەۋلادلىرى شەيخلىق قىلىپ كەلگەن.

مازارنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلاردا قارايازى بابانىڭ قېرىنداشلىرى بولغان بىرنەچچە كىشىنىڭ مازىرى بار. مەزكۇر ناھىيىدىكى ئاقيازى يېزىسىدا «ئاقيازى بوۋا مازىرى»، دەشت مەھەللە يېزىسىدا «سارىيازى بوۋا مازىرى» ھەمدە ئىشان بوۋا قەبرىستانلىقىدا «پەشتاق بوۋا مازىرى»[③] مەۋجۇت بولۇپ، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى سەييىد بەتتال غازىنىڭ ئوغۇللىرى، يەنى قارايازى بابانىڭ قېرىنداشلىرى ئىكەن.

---

① Снесарев, Г.П., *Хорезмские легенды как истосник по историпи религиозных культов Средней Азии*, Москва, 1983, стр.178-180.

② پەرغانە ۋادىسىدا تېپىلغان «مويى مۇبارەك» دەپ ئاتىلىدىغان قەبرىدىن بىرنەچچىسى بار. مەسىلەن، پەرغانە ۋىلايىتى ئۆزبېكىستان ناھىيىسى ئۇۋچى يېزىسىدا «مويى مۇبارەك» مازىرى مەۋجۇت. مەرغىلان شەھىرى خوجا مەگىز مەھەللىسىدە بولسا «ھەستى مەئاز مازىرى» ئىچىدە «مويى مۇبارەك» مازىرى مەۋجۇت.

③ بۇ لەقەمنىڭ كېلىپ چىقىشى ئېنىق ئەمەس.

مازارغا ئائىت تارىخىي مەنبەلەر: تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، قوقان خانى ئالىمخان ( 1799 ـــ 1810 ـ يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن ) ئوغلى ئاتالىقبەك 1843 ـ يىلى مۇشۇ يەردە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن مازار نامىمۇ تىلغا ئېلىنغان[1].

ب. ھۆججەتلەر

بۇ يەردە تونۇشتۇرۇلغان ئۈچ پارچە ھۆججەتنىڭ ئىگىسى، ئانا تەرەپتىن مازاردىكى شەيخلەرنىڭ ئەۋلادى بولغان ھەلىمەخان مەرۇپ خوجايېۋا ( 1948 ـ يىلى تۇغۇلغان، مۇشۇ يېزىدا ياشايدۇ ) دۇر. ئۇنىڭغا بۇ ھۆججەتلەر ئۆز ئانىسىدىن مىراس قالغانىكەن. ئانىسىغا بولسا دادىسىدىن قالغانىكەن. بۇ ئائىلىنىڭ ئەجدادلىرى 16 ـ ئەسىردە نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ چوڭ شەيخى بولغان لۇتپۇللا چۇستىي ( 1571 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) نىڭ ئەۋلادلىرىمىش. مۇشۇ ئۈچۈرغا ئاساسلانغاندا قارايازى بابا مازىرىدىكى شەيخلەرنى شەيخ چۇستىيغا ئالاقىدار بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشقا بولسىمۇ، لېكىن كېسىپ ئېيتىش تەس.

49.5×31.5cm:WT-QB-01

1275 ـ يىلى جەمادىيەل ئاخىر ئېيى، يەنى مىلادىيە 1859 ـ يىلى يانۋار ـ فېۋرال ئايلىرىدا سەييىد بەتتال غازىنىڭ ئوغلى ئەسەدۇللا ( لەقىمى قارايازى بابا ) نىڭ ئەۋلادلىرىدىن مۇھەممەد ئەمىنخان ۋە دانىيارخانلار ئۈچۈن پۈتۈلۈپ، خوجا ئەۋلادى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان نەسەبنامە. بۇنىڭغا جەمئىي 28 ئەۋلادقا مەنسۇپ 42 كىشىنىڭ ئىسمى يېزىلغان. 32 مۆھۈر بېسىلغان.

34.2×43.5cm:WT-QB-02

پەتىۋا. سەييىد بەتتال غازىنىڭ ئوغلى ئەسەدۇللا ( لەقىمى قارايازى بابا ) نىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئەسمەتۇللا خوجا، ھەيدەرئەلى خوجا، غازى خوجا، ئاتا خوجا، ھەمزە خوجا، سەييىد خوجا، ۋەلى خوجا، بابا خوجا، شارايەت بانۇ ۋە ئابدۇللا خوجىلارنىڭ كىشىلەر مازارغا ئېلىپ كەلگەن سەدىقىلەرنى ئېلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى ھەققىدىكى پەتىۋا.

يېزىلغان ۋاقتى يېزىلمىغان. بېسىلغان مۆھۈرلەرنىڭ ئىچىدە WT-QB-01 بىلەن ئوخشاش مۆھۈرلەر بولسىمۇ، بەزىلىرىدە 1289 ـ، 1290 ـ، 1293 ـ ياكى 1294 ( 1874 ـ 1878 ) ـ يىلى دېگەندەك يىلنامىلەر بار. شۇنىڭغا قارىغاندا، ھۆججەت WT-QB-01 يېزىلىپ، 15يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى رۇسىيە ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە يېزىلغان بولسا كېرەك. ئەمما، بۇ پەتىۋا تىلغا ئېلىنغان شەخسلەر ھۆججەت WT-QB-01 دە يېزىلغان شەخسلەر بىلەن ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆججەت WT-QB-01 دە تىلغا ئېلىنغان شەخسلەر باشقا بىر كىشىنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇشى مۇمكىن. 28 مۆھۈر بېسىلغان.

---

① Mirza' Alim Mushrif, Ansab al-salatin wa tawarikh al-khawaqin, Institute of Oriental studies of the Academy of Science of the Republic of Uzbekistan, Inv.No.1314, 1.61b; Awaz Muhammad, Tuhfat al-tawarikh-i khani, St.Petersburg Branch of the Institute of Oriental Studies of Russian Academy of Sciences, Inv.No.S440, 1.248b.

181 × 16cm:WT-QM-03

پۈتۈلگەن ۋاقتى يېزىلمىغان. قەبىلىلەر بويىچە ئايرىلغان مۇندەرىجىدۇر. بۇ ھۆججەت مازار شەيخلىرىنىڭ قولىدا باشقا مازارلارغا ئائىت ھۆججەتلەر بىلەن بىرگە ساقلانغانلىقىغا قارىغاندا، بۇ مۇندەرىجىنى سوپىزم تەرىقىتىنىڭ شەيخلىرى دارامەت ئېلىشنى نىشان قىلغان مۇرىتلارنىڭ تىزىملىكى بولسا كېرەك. ئا. ئە. سۇخارېۋانىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ھەر يىلى ھوسۇل يىغىش پەسلى تۈگىگەندە ئىشانلار ئۆز مۇرىتلىرى ياشايدىغان يېزىلارغا بېرىپ، ھوسۇل ۋە مېۋىلەرنى ھەمدە باشقا جانىۋارلارنى ئېلىپ كېتىدىكەن. ئىشانلارنىڭ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن مەخسۇس دەپتەرلىرىمۇ بولۇپ، ئىشانلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى «ئۈۋۈ» دەپ ئاتالغان[1]. بۇ ھۆججەتمۇ شۇ دەپتەرلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك.

مۇندەرىجە مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: يۈسۈپ ئالى ( ئۇرۇق ) ( سانى ئېنىق ئەمەس )، تارتۇغلى جالايىر ( جامائەت ) 72 كىشى، قۇدىش ـ ئالچىن ( جامائەت ) 36 كىشى، پانجىغالى ـ ئالچىن ( جامائەت ) 35 كىشى، يالاڭ ـ ئاس ( ئۇرۇق ) 77 كىشى، ئانجىغالى ـ مىڭ ( جامائەت ) 13 كىشى، قاڭلى قايۇشقانلى ( جامائەت ) 20 كىشى، جەمكى دۇرمەن قوش تامغىلىق ( جامائەئى ئۇرۇق ) 11 كىشى، ئاي تۇۋ ( جامائەت ) ـ قوش تامغىلىق ( ئۇرۇق ) 32 كىشى، ئاي تۇۋ جۇبلاچى ( جامائەت ) 20 كىشى، جۇبلاجى ( جامائەت ) 16 كىشى ۋە شادمان بىلەن ئۇرۇشقان بالغالى جالايىر 22 كىشى ۋە سالىن مەرقە ( جامائەت ) 15 كىشى.

تىزىملىكتىكى قۇدىش ئالچىن ۋە پانجىغالى ئالچىنلار «ئىشان كۆچەكخان خوجا ئىبنى نىيازخان خوجىنىڭ مۇرىتلىرى» دەپ يېزىلغان. ئىشان كۆچەكخان خوجىنىڭ ئىسمى WT-QB-01 دىكى نەسەبنامىدە تىلغا ئېلىنغان. ئەمما، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئەزىزخان بولغاچقا، ئۇنىڭ باشقا ئىشان كۆچەكخان ئىكەنلىكى ئېنىق. نىيازخان خوجىنىڭ ئىسمىمۇ WT-QB-01 دە تىلغا ئېلىنغان. نەسەبنامىدە ئۇنىڭ ئوغلى نەۋرۇزخان خوجا دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، نەۋرۇزخاندىن باشقا يەنە بىر ئىشان كۆچەكخان خوجا ئىسىملىك ئوغلى بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ، قارايازى بابا مازىرىدا پائالىيەت قىلغانلار ئىشان كۆچەكخان خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، بۇ ھۆججەت سوپىزم تەرىقىتىنىڭ پىرى بولغان شەيخلەرنىڭ مەزكۇر قەبىلىلەر ئىچىدە نۇرغۇن مۇرىتلىرىنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

---

① Сухарева, О. А., *Ислам в Узбекистане*, Ташкент, 1960, стр.64.



# مۇسا جەرۇللاھنىڭ ئۆمەر بايغا مەكتۇپى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇلباقى ھاجىم، يۇسۇف ئىگەمبەردى

**نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن:** بۈيۈك ئىسلام پەيلاسوپى، «ئۇزاق تۈنلەردە روزا»، «ھەزرىتى ئاللاغا نەزىرىم» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرى بىلەن تونۇلغان ئالىم مۇسا جەرۇللاھ ئالاھەزەل 1930 — 1932 — يىللىرى قەشقەر شەھىرىگە قەدەم تەشرىپ قىلغان. ئۇ قەشقەر بىلەن تاشكەنت، ئوش، قازان، ئۇفا، تۈركىستان، بۇخارا قاتارلىق شەھەرلەر ئارىسىدا قاتناپ قەشقەرگە شۇ ياقلاردىن كىتاب ئېلىپ كېلىپ ساتىدىغان قەشقەر ئەلگەكچى كوچىسىدىن بولغان ئابدۇرەھمان بىننى نەسىردىن دېگەن ئادەمنىڭ يول باشلىشى بىلەن يېتىپ كەلگەن. ئۆز نۆۋىتىدە قەشقەرنىڭ داڭلىق بېيى باھائىددىن باينىڭ قۇدىسى ئۆمەر ئاخۇن ئاخۇنباينىڭ ھوزۇرىدا، خەزىنىچى بەگ مەھەللىسىدىكى مۇھەممەدخان مەخدۇمھاجىنىڭ ھوزۇرىدا تۇرغان ھەم مەكتۇپ قالدۇرغان.

مۇسا جەرۇللاھ قەشقەردە تۇرغان ۋاقىتلىرىدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ قەشقەرنىڭ ھەر ساھە زاتلىرى، دىنىي ئۆلىمالىرى بىلەن مۇلاقاتتا بولغان ھەم بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىستىداتىنىڭ نامايەن بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان. مەسىلەن، قەشقەر ھەزرەتلىك ئابدۇرەھىم داموللا شۇ ۋاقىتتا قەشقەردە ھەپسىدە بولۇپ، قەشقەر كاتىتلىرى مۇسا جەرۇللاھ بىلەن تەڭ تۇرىدىغان ئادەمنى تېپىش ئۈچۈن، ئۇ زاتنى ھەپسىدىن بوشاتقان. ئابدۇرەھىم داموللا مۇسا جەرۇللاھقا ئەرەب يېزىقىدىكى چېكىتسىز ھەرپلەر بىلەن شېئىر يېزىپ كىرگۈزگەن. مۇسا جەرۇللاھ خەتنىڭ ئۇزلۇقىدىن، شېئىردىكى شاپتۇل ئۈچكىسىگە ئېيتىلغان مەنادىن تەسىرلىنىپ «يائاللا، كاشغەردە بۇيلە ئادەمدە بار ئىكەن، ئاي !» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ تەھسىن ئوقۇپ ھاياجانلىنىپ كەتكەن. يەنە بىر قېتىمدا ھازىرقى قەشقەر شەھىرى يۇمۇلاقشەھەر كۆلبېشى مەھەللىسىدىكى دوستلۇق كىنوخانىسى ئورنىدىكى باغدا قەشقەردىكى موللىلارنىڭ خەتمىقۇرئان پائالىيىتىگە قاتناشقان ھەمدە ئۇ سورۇندا پەيزاۋات قىزىلبوي يېزا ئارۇن كەنتلىك خەتتات داموللا سابىت بىننى سالىھئاخۇن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ خوش ئاۋازلىق قىرائىتىنى ئاڭلىغان. مۇسا جەرۇللاھ بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان كىشىلەردىن يەنە قەشقەر يېڭىئۆستەڭدىن قاسىم قارىھاجىم، قەشقەر ياغاچچى كوچىسىدىن يۇسۇف ھاجىم كاشغەرى، قەشقەر جالا مەھەللىسىدىن سىدىق ھاجىم قاتارلىقلارمۇ بار. مۇسا جەرۇللاھ قەشقەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ھىندىستاندا قاسىم قارىھاجىم بىلەن بىر مەزگىل بىللە ياشاپ، ئاندىن ئوتتۇرا شەرققە كەتكەن.

مەزكۇر مەكتۇپ ئەينى چاغدا پەيلاسوپ مۇسا جەرۇللاھنىڭ ئۆمەربايئاخۇن بىننى ئىسمائىل ئاخۇنباي ھوزۇرىدا كۆتۈنگەندىن كېيىن، رازىمەنلىك بىلەن يېزىلغان بولۇپ، بىزنىڭ ئەينى دەۋردىكى قەشقەر مائارىپىنى ھەم مائارىپ جەھەتتە چوڭ رول ئوينىغان ئۆمەر باينى، مۇسا جەرۇللاھنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن ھۆججەتلىك ماتېرىيال بولالايدۇ. بىراق، بۇ مەكتۇپتا ئاپتورنىڭ ئىدىيىسىدىكى چەكلىمىلەر ۋە ناتوغرا تەرەپلەرمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇنداق تەرەپلەرە تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ.

مەزكۇر مەكتۇپ ئۇيغۇر، تۈرك، تۈركمەن، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، قاراقالپاق، تاتار قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن يېڭى دەۋر تىلىغا كۆچۈش ۋاقىتلىرىدا يېزىلغان بولسىمۇ، يەنىلا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ، ئوسمانلى تۈرك تىلىنىڭ سۆزلەملىرى ۋە مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ھەم رىزائىددىن ھەزرەت تەشەببۇسىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئورتاق تىل بەرپا قىلىش تەسىرىدىنمۇ نېرى ئەمەس. مەكتۇپنى ئوقۇش جەريانىدا بىز ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىم ھەم سۈپەت ياسىغۇچىلار قوشۇمچىلار «ـ لىق، ـ لىك، ـ لۇق، ـ لۈك» ئورنىغا «ـ لى» نىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى، باغلىغۇچى ھەم تىركەلمە بولغان «بىلەن» نىڭ ئورنىغا «ئىلە» نىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى «ـ دا، ـ دە، ـ تا، ـ تە» نىڭ ئورنىغا «ـ نىدا، ـ نىدە» نىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى، بېرىش كېلىش قوشۇمچىلىرى «ـ غا، ـ قا، ـ گە، ـ كە» نىڭ ئورنىغا «ـ نە، ـ ە» نىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىلىرى «ـ نى» نىڭ ئورنىغا «ـ ى» نىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى، پېئىللارنىڭ كەلگۈسى زامان سۈپەتداش شەكلى «ـ دىغان، ـ دىگەن» نىڭ ئورنىغا «ـ مىش» نىڭ، پېئىللارنىڭ ھازىرقى زامان بايان شەكلى «ـ غان، ـ قان، ـ گەن، ـ كەن» نىڭ ئورنىغا «ـ مىش» نىڭ، پېئىللارنىڭ ھازىرقى زامان بايان شەكلى «ـ لۇر، ـ لۆر، ـ لار، ـ لەر» نىڭ ئورنىغا «ـ لىيور، ـ لىيۇر» نىڭ، پېئىللارنىڭ كەلگۈسى زامان ئىنكار شەكلى «ـ ماس، ـ مەس» نىڭ ئورنىغا «ـ ماز، ـ مەز» نىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى، پېئىللارنىڭ كەلگۈسى زامان ئىككىنچى شەخس بۇيرۇق شەكلىنىڭ ئاددىي تۈرىنىڭ قوشۇمچىسى «ـ ڭ، ـ ىڭ» نىڭ ئورنىغا «ـ ىڭىز، ـ اڭىز، ـ ەڭىز» نىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

فونېتىكا جەھەتتە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە باسكاكووف تەرىپىدىن ئۇيغۇرتىلىنىڭ نىسپىي مۇستەقىل دىئالېكتى دەپ قارالغان سالالارنىڭ ئاغزاكى تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇش «ئا، ئە» نىڭ ئاجىزلىشىشى مەكتۇپ تىلىدا كۆرۈلمەيدۇ.

سۆزلۈك جەھەتتىن كىشىلىك ئالماش «مەن» نىڭ تۈرك، تاتار، ئەزەربەيجان تىللىرىدىكى ۋارىيانتى «بەن» ئۇچرايدۇ. خەمىت تۆمۈر ئەپەندى تەرىپىدىن كۆرسىتىش ئالماشلارنىڭ قەدىمكى شەكلى دەپ كۆرسىتىلگەن «شۇنداق» نىڭ ئورنىغا «شۇيلە»، «بۇنداق» نىڭ ئورنىغا «بۇيلە» ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇر تىلىدىكى مودال سۆز «بار» تۈرك تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە «ۋار» بولغان. «بەرمەك» پېئىلى «ۋەرمەك» بولغان. ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى مەۋجۇتلۇق مەنىسىدىكى «بولماق» پېئىلى ئورنىغا «ئولماق» ئىشلىتىلگەن. ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «چوڭ» سۆزىنىڭ ئورنىغا تاتار، قازاق تىلىدىكى «ئۇلكەن» ئىشلىتىلگەن. ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «تۆت» سۆزى، تۈرك، ئەزەربەيجان تىللىرىدىكىدەك «دۆرت» بولغان.

بسم الله

بسم الله الرحمن الرحیم دوجه، بستان کلام قدیم سپهر قرآن کبی خوش مذی وار روضه، قرآنه اودر جویباره رنی آلوب دائرده ششش جهار اوله مسحرا حما آسیجایی ذات نقط سیه رنکته، سرد وجود مرکز برکار سپهر شهود سوره لرننك هر بری برسر وقد قاشرِ گبند رسوره باشنده اومد

محترم کریم عمر آخون آخونبای حضرتلرنه مکتوبم

بسم الله الرحمن الرحیم

وآتیناه اجره فی الدنیا

وانه فی الاخرة لمن الصالحین

بیوك عمتلی محترم کریم عمر آخون اسماعیل آخونبای حضره تلری ـ شو آیت کریمه اولکی امتلرننك بیوکلری حقنده نازل اولمش ایسه، شوکون شو آیت کریمه اسلام ملتلری آراسنده سزننك کبی افراد حقنده نازلدر.

دیانتلی صداقتلی استقامتلی گوزل حیاتکزننك عاجل اجری اولمق اوزره الله جل جلاله حضرتلری شو دنیاده سزه برکتلی خزینه‌لرکزه بیوك دولت مالیه ویردی، ملت آراسنده سزه غایت بیوك حرمت تأمین ایتدی، حکومت حضورنده بیوك اعتبار، خلق حضورنده بیوك نفوذ ویردی،

واتیناه اجره فی الدنیا، آیت کریمه سننك بر معناسی شویله‌در.

وانه فی الاخرة لمن الصالحین، آیت کریمه سنده الله جل

* * *

جلاله حضرتلرینك محقق مؤبد وعدینه کوره، آخرتده حیات ابدیده سعادت هم صلاح سزه هم ده سزننك کبی آدملره قرآن کریمننك بیوك بشارتیدر.

ملتمزننك آدملری هم دنیاده هم آخرتده الله جل جلاله حضرتلرینك سعید بنده لریدر.

تشکراتمز یعنی، همتکزده، کرمکزده، احسانلرکزده اولکی کبی همان داوام ایدر ایسه کز، اجتهاد یولنده ثابت قالسه‌کز، دولتکز، صبرکز، اعتبارکز اولکه‌دن زیاده اولور، وارثلرکزه ده میراث اولور.

بن سزده غایت عجب غایت گوزل برحال کوردم، برکتلی دولتکز نه قدر بیوك ایسه ده غایت زاهدانه، حضورانه حیاتکزی کوردوم. همتکز خیراتلرکز نه قدر بیوك ایسه ده انسانلرننك هر بریله هر خصوصده متواضعانه معامله‌لرکزی گوردوم. انسانلرننك هر برینه خصوصاً علم اهللرینه حتی اوفاق طلبه‌لرینه ده غایت بیوك احترامکزی کوره‌ر ایدم، دعوالرله سزه مراجعت ایتوچی فقرای ضعف قوی آدملره بیوك شفقتکزی، حکمده بیوك عدالتکزی، هر خصوصده تمام اصابتکزی کوره‌ر ایدم.

یعنی سزننك دینکز، سزننك یقین ایمانکز، دین امرلرینه غایت بیوك احترامکز، سزننك بیوك دولتکزدن ده بیوك همتکزدن ده دها زیاده بیوکدر.

اننك بیوك دولتکز دنیا و آخرت سعادتکزی تأمین

ایتمش تأمین ایده جک ایمانیمزدر.
سزنڭ بو یله بیوک تشرفلریڭزی کوروب ممنون اولدوم،
کاشغر مسلمانلرینڭ دینی دنیاوی مصلحتلری حقنده
اهمدم زیاده اولدی.
اگر ده دولتڭز اد ناق اولسه ایدی، یاخود بیوک اولوب
ده دولتڭزه نسبتله دینڭز بزدن اولسه ایدی،
یاخود خلق حضورنده نفوذڭز خلق نظرنده حرمتڭز براز
ضعیف اولسه ایدی، ابتدائی مکتبلر دینی مدرسه لری
اصلاح ایتمک حقنده بر مانع بر عذر احتمال بولونور ایدی
بوکون سزنڭ حضورڭزده مانع یوقدر قدرتڭز وار،
آرزولریڭز جاری، دینڭز سزه آبردر. ابتدائی مکتب

اینچه دینی مدرسه لرنڭ اصلاح لرینه خلقنڭ احتیاجلری ده
غایت غایت بیوکدر.
کاشغرنڭ مسجدلری جامعلری، ماشاالله آباددر.
قرائت خطبه، وعظ خصوصلرنده امامرلیڭز وظیفه لرینی
تماملیله ایفا ایتمه یورلر ایسه ده، مسجدلرینی نمازلرینی
جماعتلرینی خلق تمام رعایه ایدر کوردوم، تمام ممنون
اولدوم.
کاشغرنڭ مسجدلرنه نمازلرنه شکر ایتوب قناعت ایتسه
ڭز ابتدائی بری واردر.
لکن مکتبلرڭزده تعلیم آسانلغی، تعلیم انتظامی، دینی مدرسه
لرڭزده علوم ادبیه، علوم دینیه درسلری یوقدر. یاخود

*

آزدر تدریس اصوللری ده غایت اغردر. سلف اصول
لرنده تمام مخالف غایت فاسد بر اصولده در. مکتب مدرسه
لرده تعلیم زمانلری غایت اوزون ایسه ده ثمره لری نتیجه لری
غایت آز اولور.
محله لرنڭ هر برنده قریه لرنڭ هر برنده بنالری گوزل ابتدائی
مکتبلرڭز واردر. سواد، حسن خط، علم حال، ادب جنس
کبی ضرور معلوماتی اوچ دورت سنه ده آسان بر اصول ده
تعلیم ایده جک یولنده مکتبلرنڭ برینی نمونه قلمق اوزره،
اصلاح ایتدرسه ڭز باشقه لری ده آز مدت ایچنده اصلاح
قلنوب بتون مملکتده بالالرنده سواد عمومی اولور ایدی.
شهرڭزده اون اون بش قدر مدرسه واردر. بنالرنده گوزلدر.

تمام کافیدر. یاڭی بر مدرسه بنا ایتمک احتیاجی ده یوقدر. شهر
ڭزده معلوماتی مقتدر اون اون بش مدرس واردور.
خارجدن مدرس دعوت ایتمک ضرورتی ده یوقدور.
علوم ادبیه علوم دینیه درسلرینی بش آلتی سنه ده تمام ایتدرمک
اصولیله، مدرسه لرنڭ برنده تدریس اصوللرینی اصلاح
ایتدرسه ڭز بتون مدرسه لرنڭ درسلری تمام اصلاح قلنور ایدی.
غایت آسان صورتده حاصل اولا بیله جک شو قدر بر کاشغر
مسلمانلرینه حیات ویرور ایدی. دنیلرنده دنیالرینی ده دها
زیاده آباد ایدر ایدی. سزنڭ تاریخڭز صحفه لرنه سزنڭ بو تبجیل
مبرور اعمالڭز دفترلرنه ثبت قلنه جق غایت بیوک برکتلی
بیوک بر شرف اولور ایدی.

سزه بندن زياده معلوم ايسه ده، ابتدائى مكتب دينى مدرسه حقنده شو سوزلرمى سزه يازديم ضرورت الله يازديم سزلرله ايكى اوچ آى صحبت ايتديم غايت مصيب عقلڭزى تمام طلوغرى غايت احتياطلى تدبيرلرڭزى كوردوم قناعت ايتديم سوز سويلمك احتياجده، مشورت يازماق جسارتى ده بن ده قالمادى. ميدانده غايت دهشتلى ايكى اوچ عبرت بولونماسه ايدى، مكتب مدرسه حقنده سزه هيچ بر سوز يازماز ايديم، سويلمز ايديم.

بولشه ويك قطعه لرى حضورنده بتون روسيه مسلمانلرى نڭ غايت دهشتلى حاللرى سزه معلومدور. جهان محاربه لرى نڭ نتيجه لرنده توركيه توركلرى نڭ غايت بيوك انقلابلرده سزه بلكه سزڭزه معلومدور.

بيوك شو ايكى عبرت ميدان ده بولونماسه ايدى، ابتدائى مكتب حقنده سزه بر سوز سويلمك يازماق احتياجى ده ضرورتى ده البته بولونماز ايدى.

اگرده بتون مملكت بالالرنه سواد تعلم ايتمز ايسه ڭز، اگرده دينى مدرسه لرڭزده علوم ادبيه، علوم دينيه درسلرينى، سلف اصوللرينه اعاده ايتمز ايسه ڭز، اگرده آلمانيه كبى مدنيت مكتب لرنه بالالرڭزى كونده ور ده ملت بالالرنه اوز اختيارڭزله مدنيت تربيه لرينى ويرمز ايسه ڭز بولشه ويزم خطرلرى توركيه انقلابلرى سزڭ ديارڭزده البته سرايت ايته جكدور، او تقديرده دنيا دولتى ده دين سعادتى ده الڭزدن تمام زائل اولور. معاذ الله!

روسيه ده نيقولاى زمانلرنده تعلم مجبورى اولوب سواد عمومى اولسه

*　　　　*　　　　*

ايدى، بولشه ويزم حركتلرى نڭ قوتلى عامللرى معقول بهانه لرى ميدان ده بولونماز ايدى. توركيه قريه لرنده ابتدائى مكتب هر يرده بولونوپ، توركيه مدرسه لرنده علوم ادبيه، علوم دينيه بولونسه ايدى، توركيه انقلابى خلافتى ده شريعتى ده حروفاتى ده ترك ايتمز ايدى.

انقلاب فتنه لرى جهل حضورنده غالب اولا بيلور ايسه ده علملى دين حضورنده غائب اولور، كتب الله لاغلبن انا ورسلى آيت كريمه سنڭ معناسى شولدور.

ديمك دنيامزى انقلاب فتنه لرندن بولشه ويزم خطرلرندن حمايه ايتمك مطلوب ايسه، يالڭز علوم قوتله، يالڭز دين قوتله اولا بيلور.

چاره سى غايت آساندور. ابتدائى مكتب لرڭزى دينى مدرسه لرڭزى اصلاح ايدر ايسه ڭز، حاجت تمام اولور. مكتب لرڭزڭ مدرسه لرڭزڭ نفقه لرى حاضردور. فضله خراجتلرى احتياجڭز يوقدر. خارجدن مدرس دعوت ايتمك ضرورتى يوقدور. ملت بالالرنه بيوك محبتڭز، ملت نڭ اوزنه غايه بيوك احترامڭز واردور. شو محبت نڭ شو حرمت نڭ بيوك وظيفه لرينى ايفا يولنده اهتمام ايته ڭز، اڭڭ بيوك اصل مقصدلرڭزده تمام حاصل اولور. ملت بالالرى نڭ قلبلرنده حرمتلى نامڭز قيد قلونوب ملت تا ابد سزه شكر ايدر.

مكتب مدرسه لرڭز خدمتلرنه بنى ده دعوت ايدر ايسه ڭز، بن اوزمى ده بتون كريملرمى ده مكتب مدرسه خدمتلرينه خالصاً لوجه

الله وقف ايدرم، البته انشاء الله .
شوحق ده ، يعني كاشغرنىڭ مكتب مدرسه لرى حقنده برسنه مقدم
سزه بر مراجعت يازمش ايدم ، قزبالالرىڭزنى اوقوتوچون كرنمه لرى
رغبتلى طلبه لرىڭزاوچون اوزى عرض ايتمش ايدم ، عاقبت باشقه
قاپولر باشقه يوللر ايله تاپاندقدن صوڭ سزنىڭ شهرىڭزه بنى
ضرورت سوق ايتدى ده ، حجرىت آيا قاپلا سزنىڭ شهرىڭزه كيلدم ،
سزنى ، سزه تبعًا بتون شهرىڭزنىڭ فوق الغايه فوق العاده
احترامىڭزنى كوردوم ، تشكر لر ايتدم ، نهايت تشكردن عاجز
قالدم .
اى خدايا اين جزاهاى شريف
قوت شكرت ندارد اين حريف

قونوقدستلكىڭزنى يانشلز بيوك احسانلرىڭز خالص احترامىڭز تأثيرىله
رغبتم زياده اولدى . سزنىڭ بيوك احترامىڭزه مقابل خدمتمنى سزه
تكرار عرض ايده يم مكتب خدمتلرىنه بتون عائله مى ، مدرسه
خدمتلرىنه اوزمى عرض ايدرم .
والجود بالنفس اقصى غاية الجود
دعوت ايدر ايسه ڭز عودت ايدرم
1) خلافت اسلاميه ، 2) حروفات عربيه ، 3) شريعت
اسلاميه [illegible] ، 4) قرآن كريم ترجمه سى كبى بيوك اهميتلى
دورت بش كتابمى ، هم ده اون بش يگرمى قدر اوفاق تونك
[illegible] شهرىنه كوتدردكم ،
[illegible] ايدر ايسه ڭز ، قبول ايدر ايسه ڭز بر نيچه كتابمى سزنىڭ

*            *            *

[illegible] ايدرم ، بيوك احسانلرىڭز [illegible] [illegible] امللرىڭزه
قدرتم قدر تشكر ايتمش اولورم ،
[illegible] حرمتلى بيوك [illegible] شعبان رمضان آيلرنده
غايت بيوك احترام ايچنده ايكى اوچ آى قدر مهمان اولدم .
احترام روز بروز عمان زياده اولور ايدى ، تشكر خصوصىلرنده
باشقه بر همتدن عاجز ايدم ده ، سزنىڭ نامىڭزه ، رمضان كيچه
لرنده خاطرمدن بر رساله يازوب كاشغر طلبه لرىنه هديه ايتدم ،
علوم ادبيه علوم دينيه درسلرىنه هم بيوك رغبتمى هم ده آچوق
حاضرلكمى بيان يوليله سزه بر نمونه تقديم ايتمش اولدم ،
رغبت ، قدير سزنىڭ [illegible] در ، توفيق تقدير الله جل جلاله
[illegible]

تا ابد سزه شكر ايده جك
موسى جار الله
كاشغرده 1349 سنه شوال 1 ده
1931 سنه ده 2 آينىڭ 1-2 نده

مۇھتەرەم كرام ئۆمەر ئاخۇنباي ھەزرەتلەرىنە مەكتۇبىم. بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم

«دۇنيادىكى مۇكاپاتنى ئاڭا ئاتا قىلدۇق. ئۇ ھەقىقەتەن ئاخىرەتتە ياخشى بەندىلەردىندۇر»[1]. بۈيۈك ھىممەتلى مۇھتەرەم ئۆمەرئاخۇن ئىسمائىلئاخۇنباي ھەزرەتلەرى شۇ ئايەت كەرىمە ئەۋۋەلقى ئۈممەتلەرنىڭ بۈيۈكلەرى ھەققىدە نازىل ئولمىش ئېسە، شۇ كۈن شۇ ئايەت كەرىمە ئىسلام مىللەتلەرى ئاراسىندە سىزنىڭ كەبى ئىفراد ھەققىدە نازىلدۇر.

ديانەتلى، سەداقەتلى، ئىستىقامەتلى گۈزەل ھەياتىڭىزنىڭ ئاجىل - ئەجرى ئولماق ئۈزرە ئەللاھ جەل جەلالە ھەزرەتلەرى شۇ دۇنيادە سىزە، بەركەتلى خەزىنەڭىزە بۈيۈك دەۋلەت، مالىيە ۋەردى. مىللەت ئاراسىندە سىزە غايەت، بۈيۈك ھۆرمەت تەئمىن ئەتتى. ھۆكۈمەت ھۇزۇرىندە بۈيۈك ئېتىبار، خەلق ھۇزۇرىندە بۈيۈك نوفۇز بۇيۇردى. ۋائاتىناھۇ ئەجرەنىٖ دۇنيا ئايەت كەرىمەسىنىڭ بىرمەناسى شۇيلەدىر ۋەئىننەھۇ فىلئاخىرەتى لىمەنس - سالىھىن ئايەت كەرىمەسىندە ئەللاھ جەل جەلالە ھەزرەتلەرىنىڭ مۇھەققىق مۇئەببەدۋەئدىنە كۆرە ئاخىرەتتە ھەيات ئەبەدىيەدە سەئادەت ھەم سىلاھ سىزە ھەمدە سىزنىڭ كەبى ئادەملەرە قۇرئان كەرىمەنىڭ بۈيۈك بېشارەتىدۇر.

مىللەتنىڭ سىزدەك ئادەملىرى ھەم دۇنيادە، ھەم ئاخىرەتتە ئەللاھ جەل جەلالە خەزرەتلەرىنىڭ سەيىد بەندەلەرىدۇر.

شۈكۈر ئايتساڭىز، يەئنى ھىممەتىڭىزدە، كىرەمىڭىزدە، ئېھسانلەرىڭىزدە ئەۋۋەلكى كەبى ھامان داۋام ئېتدىرئېسەڭىز. ئىجتىھاد يولىندە سابىت قالسەڭىز، دەۋلەتىڭىز، ھۆرمەتىڭىز، ئېتىبارىڭىز ئۆلكەن[2] زىيادە ئولۇر. ۋارىسڭىزە مىراس ئولۇر.

بەن سىزدە غايەت ئەجەب غايەت گۈزەل بىر ھال كۆردۈم. بەركەتلى دەۋلەتىڭىز نەقەدەر بۈيۈك ئولسەدە، غايەت زاھىدانە، جەسۇرانە ھاياتىڭىزنى كۆردۈم. ھىممەتىڭىز، خەيراتلەرىڭىز نەقەدەر بۈيۈك ئولسەدە، ئىنسانلەرىڭىز ھەربىر ئىلە ھەر خۇسۇسدە مۇتەۋازانە مۇئامىلەلەرىڭىزنى كۆردۈم. ئىنسانلارىڭىز ھەر بىرىنە خۇسۇسەن ئىلىم ئەھلىلەرىنە ھەتتا ئەۋقاق تەلەبەلەرى دە غايەت بۈيۈك ئېھتىراملەرىڭىزى كۆرۈر ئىدىم. دۇئالار ئىلە سىزە مۇراجىئەت ئايتۇۋچى فەقىر - باي، زەئىف - قەۋى ئادەملەرە بۈيۈك شەفقەتىڭىزى ھۆكۈمدە بۈيۈك ئەدالەتىڭىزى ھەر خۇسۇس تەمام ئەسا بەتىڭىزى كۆرۈر ئىدىم. يەئنى سىزنىڭ دىنىڭىز، سىزنىڭ ياقىن ئىمانىڭىزە دىن ئەمىرلەرىنە غايەت بۈيۈك ئېھتىرامىڭىز سىزنىڭ بۈيۈك دەۋلەتىڭىزدىن دە بۈيۈك ھىممەتىڭىزدىن دە داھا زىيادە بۈيۈكتۇر.

ئەڭ بۈيۈك دەۋلەتىڭىز — دۇنياۋى ئاخىرەت سەئادەتىڭىزى تەئمىن ئەتمىش، تەئمىن ئېتەجاك ئىمانىڭىزدۇر.

سىزنىڭ بۇيلە بۈيۈك شەرفىڭىزى كۆرۈب مەمنۇن ئولدۇم. كاشغەر مۇسۇلمانلارىنىڭ دىنىي، دۇنياۋى مەسلەھەتلەرى ھەققىندە ئۈمىدىم زىيادە ئولدى.

---

① «قۇرئان كەرىم»، 29 - سۈرە 26 - ئايەت.
② «شۇنداقتۇر» دېگەن مەنىدە.

ئەگەردە دەۋلەتىڭىز ئەۋقاف ئۇلسە ئىدى، ياخود بۇيۇك ئۇلۇب دە دەۋلەتىڭىزدە نىسبەتەن ئىلە دە-نىڭىز بىر ئازدۇن ئۇلسە ئىدى. ياخود خەلق هوزۇرىندە نوفۇزىڭىز خەلق نەزەرىندە هۆرمەتىڭىز بىر-ئاز زەئىف ئۇلسە ئىدى، ئىبتىدائى مەكتەپلەر دىنىي مەدرەسەلەرى ئىسلاھ ئەتمەك هەققىندە بىر مەنئى بىر ئۈزرە ئىهتىمال بولۇنۇر ئىدى. بۇگۈن سىزنىڭ هوزۇرىڭىزدە مەنئى يوقتۇر، قۇدرەتىڭىز ۋار، ئارزۇلەرىڭىز جارىي، دىنىڭىز سىزە ئابىردۇر، ئىبتىدائىي مەكتەبلەرىڭىز، دىنىي مەدرەسەلەرنىڭ ئىسلاھلارىنە خەلقىنىڭ ئىهتىياجلەرىدە غايەت، غايەت بۇيۇكتۇر.

كاشغەرنىڭ مەسجىدلەرى، جامىئلەرى، ماشائاللاھ، ئابادۇر.

قىرائەت، خۇتبە، ۋەز خۇسۇسلەرىندە ئىماملارىڭىز ۋەزىفەلەرنى تەماملە ئەيفا ئىتمەيۇرلەر ئىسەدە، مەسجىد ئەدەبلەرىنى نەماز ئەدەبلەرىنى، جەمائەت ئەدەبلەرىنى خەلق تەمام رىئايە ئىدەر كۆردۈم. تەمام مەمنۇن ئولدۇم.

كاشغەرنىڭ مەسجىدلەرىنە، نەمازلارىنە شۆكر ئايتۇپ قەنائەت ئىتسەڭىز ئىبتىدائىي بىرى ۋاردىر.

لېكىن، مەكتەبلەرىڭىزدە تەئلىم ئاسانلىقى، تەئلىم ئىنتىزامى، دىنىي مەدرەسەلەرىڭىزدە ئۇلۇمى ئەدەبىيە، ئۇلۇمى دىنىيە دەرسلەرى يوقدۇر، ياخود ئازدۇر. تەدرىس ئۇسۇللارىدە غايەت ئاغىردۇر. سەلەف ئۇسۇللارىنەدە تەمامىي مۇخالىف غايەت فاسىد بىر ئۇسۇلدۇر. مەكتەب، مەدرەسەلەردە تەئلىم زەمانلەرى غايەت ئۇزۇن ئىسەدە سەمەرەلەرى، نەتىجەلەرى غايەت ئازدۇر.

مەهەللەلەرنىڭ هەر بىرىندە، قەريەلارنىڭ هەر بىرىندە بىنالارى گۈزەل ئىبتىدائىي مەكتەبلەرد-ڭىز ۋاردۇر. سەۋاد، هۆسنخەت، ئىلمى هال، ئەدەب، هېساب كەبى زەرۇر مەئلۇماتى ئۈچ، دۆرت سىنە-دە، ئاسان بىر ئۇسۇلدە تەئلىم ئىتىدۇرمەك يولىندە مەكتەبلەرنىڭ بىرىنى نەمۇنە قىلماق ئۈزرە ئىسلاھ ئىتدۇرسەڭىز، باشقەلەردى دە ئاز مۇددەت ئىچىدە ئىسلاھ قىلىنىپ، بۇتۇن مەملەكەت بالالا-رىندە سەۋادى ئۇمۇمىي ئولۇر ئىدى.

شەهرىڭىزدە ئۇن، ئۇن بەش قەدەر مەدرەسە ۋاردۇر. بىنالارى دە گۈزەلدۇر. تەمامى كافىيدۇر. ياڭى بىر مەدرەسە بىنا ئەتمەك ئىهتىياجى دە يوقدۇر. شەهرىڭىزدە مەئلۇماتى مۇقتەدىر ئۇن، ئۇن بەش مۇ-مۇدەررىس ۋاردۇر. خارجدىن مۇدەررىس دەئۋەت ئەتمەك زەرۇرىيەتى يوقدۇر.

ئۇلۇم ئەدەبىيە، ئۇلۇم دىنىيە دەرسلەرنى بەش، ئالتە سىنەدە تەمام ئەتدۇرمەك ئۇسۇلى ئىلە مەد-رەسەلەرىڭىز بىرىندە دەرس ئۇسۇللارنى ئىسلاھ ئىتدۇرسەڭىز، بۇتۇن مەدرەسەلەرنىڭ دەرسلەرى تە-مام ئىسلاھ قىلىنۇر ئىدى. غايەت ئاسان سۈرەتتە هاسىل ئولابىلەجەك شۇ قەدىر كاشغەر مۇسۇلمانلا-رىنە هەيات ۋېرەر ئىدى. دىنلەرىندە، دۇنيالارىنى دە دەها زىيادە ئاباد ئېدەر ئىدى. سىزنىڭ تارىخ-ڭىز سەهىفەلەرىنە سىزنىڭ مەقبۇل مەبرۇر ئەئمالىڭىز دەفتەرلەرىنە سەبىت قىلىنەجەق غايەت بۇيۇك بەرىكەتلى، بۇيۇك بىر شەرەف ئولۇر ئىدى.

سىزدە بەندەن زىيادە مەئلۇم ئىسەدە، ئىبتىدائىي مەكتەب، دىنىي مەدرەسە هەققىندە شۇ سۆزلە-رىمى سىزدە يازدىم. زەرۇرىيەت ئەللە يازدىم. سىزنىڭلە ئىككى - ئۈچ ئاي سۆهبەت ئىتدىم. غايەت مۇسەييىب ئەقلىڭىزى، تەمامى توغرى، غايەت ئىهتىياتلى تەدبىرىڭىزى كۆردۈم. قەنائەت ئىتدىم. سۆز

سۆيلەمەك ئېھتىياجىدە مەشۋەرەت يازماق جەسارەتى دە بەندە قالمادى. مەيداندە غايەت دەھشەتلى ئىككى-
ئۆچ ئىبرەت بولۇنماسە ئىدى. مەكتەب، مەدرىسە ھەققىندە، سىزە ھېچ بىر سۆز يازماز ئىدىم، سۆيلە-
مەز ئىدىم. بولشىۋىك قىتئەلەرى ھۇزۇرىندە بۈتۈن رۇسىيە مۇسۇلمانلارىنىڭ ھاللارى سىزە مەئلۇم-
دۇر. جەھان مۇھارىبەلەرىنىڭ نەتىجەلەرىندە تۈركلەرىنىڭ غايەت بۈيۈك ئىنقلابلارى دە سىزە،
بەلكى ھەممەڭىزە مەئلۇمدۇر.

بۈيۈك شۇ ئىككى ئىبرەت مەيدان دە بولۇنماسە ئىدى. ئىپتىدائى مەكتەب ھەققىدە سىزە بىر سۆز
سۆيلەمەك، يازماق ئېھتىياجى دە، زەرۇرىيەتى دە، ئەلبەتتە بولۇنماز ئىدى.

ئەگەردە بۈتۈن مەملەكەت بالالارىنە سەۋادىي تەئلىم ئەتمەز ئىسەڭىز، ئەگەردە دىنىي مەدرەسەلەرد-
ڭىز بىرىندە ئۆلۈمى ئەدەبىيە، ئۆلۈمى دىنىيە دەرسلەرى سەلەف ئۇسۇللىرىنە ئىئادە ئېتماز ئىسەڭىز،
ئەگەردە ئالمانىيە كەبى مەدەنىيەت مەكتەبلەرىنە بالالارىڭىزى كۆندۈرۈب، مىللەت بالالارىنە ئۆز ئىختە-
يارىڭىز ئىلە مەدەنىيەت ۋەمەزئىسەڭىز، خەتەرلەر سىزنىڭ دىيارىڭىزدە ئەلبەتتە سەرايەت ئېتەجەكدۇر.
ئۇ تەقدىردە دۇنيا دەۋلەتى دە دىن سەئادەتى دە ئەلىڭىزدەن تەمام زائىل ئولۇر، مەئازەللاھ.

رۇسىيە نىقولاي زەمانلەرىندە تەئلىم مەجبۇرىي ئولۇپ سەۋاد تەمام ئولسە ئىدى، بولشىۋىزم ھەرد-
كەتلەرىنىڭ قۇۋۋەتلى ئامىللارى مەئقۇل بەھانەلەرى مەيدان دە بولۇنماز ئىدى. تۈركىيە قەرىيالەرىندە
ئىبتىدائىي مەكتەب ھەر يەردە بولۇنۇپ تۈركىيە مەدرەسەلەرىندە ئۆلۈم ئەدەبىيە، ئۆلۈم دىنىيە بولۇنسە
ئىدى، تۈركىيە ئىنقىلابى خىلافەتى دە شەرىئەتى دە ھەرۇفاتى دە تەرك ئېتمەز ئىدى.

ئىنقلاب فىتنەلەرى جەھل ھۇزۇرىندە غالىب ئولا بولويور ئىسەدە، ئىلملى دىن ھوزۇرىندە غا-
ئىب ئولۇر. ئايەت كەرىمەسىنىڭ مەناسى شۇلدۇر...

دىنىمىزى، دۇنيامىزى ئىنقىلاب فىتنەلەرىندىن، خەتەرلەرىندەن ھىمايە ئېتمەك مەتلۇب ئېسە،
يالڭىز ئۆلۈم قۇۋۋەتلە، يالڭىزدەك قۇۋۋەتلە ئولا بىلۇر.

چارەسى غايەت ئاساندۇر. ئىبتىدائىي مەكتەبلەرىڭىزى دىنىي مەدرەسەلەرىڭىزى ئىسلاھ ئېدەر ئې-
سەڭىز، ھاجەت تامام ئولۇر. مەكتەبلەرىڭىزنىڭ، مەدرەسەلەرىڭىزنىڭ نەفەقەلەرى ھازىردۇر. فەزلە
خىراجەتلەرى ئېھتىياجىڭىز يوقدۇر. خارىجدىن مۇدەررىس دەئۋەت ئەتمەك زەرۇرىيەتى يوقدۇر. مىللەت
بالالارىنە بۈيۈك مۇھەببەتىڭىز، مىللەتنىڭ ئۆزىنە غايەت بۈيۈك ئېھتىرامىڭىز ۋاردۇر. شۇ مۇھەببەت-
نىڭ شۇ ھۆرمەتنىڭ بۈيۈك ۋەزىفەلەرىنى ئەيفا يولىندە ئىھتىمام ئەتسەڭىز، ئەڭ بۈيۈك ئەسىل مەق-
سەدلەرىڭىزدە تەمام ھاسىل ئولۇر. مىللەت بالالارىنىڭ قەلبلەرىندە ھۆرمەتلى نامىڭىز قەيد قىلۇنۇب،
مىللەت تائەبەد سىزدە شۇكر ئىدەر.

مەكتەب، مەدرەسەلەرىڭىز خىزمەتلەرىنە بەنى دە دەئۋەت بەن ئۆزۈمى دە بۈتۈن كەرىمەلەرمى دە
مەكتەب، مەدرەسە خىزمەتلەرىنە خالىسەن لى ۋەجھىللا ۋەقف ئېدەرەم، ئەلبەتتە، ئىنشائاللاھ.

شۇ ھەق دە يەئنى كاشغەرىنىڭ مەكتەب، مەدرەسەلەرى ھەققىندە بىر سىنە مۇقەددەم سىزە بىر
مۇراجىئەت يازمىش ئىدىم. قىز بالەلەرىڭىز ئۈچۈن كەرىمەلەرى رىغبەتلى تەلەبەلەرىڭىز ئۈچۈن ئۆزۈمى

① ئۆلكەن — چوڭ، كاتتا، دېگەن مەنىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەرز ئەتمىش ئېدىم. ئەقنىبەت باشقە قاپۇلەر باشقا يوللەر تەمام قاپاندۇقدىن سوڭ، سىزنىڭ شەھرىڭىزە بەنى زەرۋرىيەت سوق ئەتدى دە، مەجبۇرىيەت ئاياقلەرى ئىلە سىزنىڭ شەھرىڭىزە كەلدىم. سىزنىڭ، سىزە تەبىئەن بۇتۇن شەھرىڭىزنىڭ فەۋقۇلئاددە ئېھتىراملارىڭىزى كۆردۇم. تەشەككۇر ئايىتدىم. نىھايەتى تەشەككۇردىن ئاجىز قالدىم.

ئەي خۇدايا بى جەزاها، ئەي شەرىف،
قۇتى شۇكرەت نەدارارەد ئىن ھەرىف.

قۇۋۋەتلى، قۇددۇسىيەتلى دىيانەتىڭىز بۆيۈك ئىھسانلەرىڭىز خالىس ئېھتىراملەرىڭىز تەئسىرى ئىلە رىغبەتىم زىيادە ئولدى. سىزنىڭ بۆيۈك ئېھتىراملەرىڭىزە مۇقابىل خىزمەتىمى سىزە تەكرار ئەرز ئېدەيىم. مەكتەب، خىزمەتلەرىنە بۇتۇن ئائىلەمى مەدرىسە خىزمەتلەرىنە ئۆزۈمى ئەرز ئېدەرەم:

ۋەلجەۋدى بىن نەفسى ئەقھاغايەتۇل جەۋۋى،
دەئۇەت ئېدەر ئېسەڭىز ئەۋدەت ئېدەرەم.

1. «خىلافەت ئىسلامىيە»، 2. «خرۇفەت ئەرەبىيە»، 3. «شەرئىەت ئىسلامىيە»، 4. «قۇرئان كەرىم تەرجىمەسى» كەبى بۆيۈك ئەھمىيەتلى دۆرت ـ بەش كىتابىمى ھەمدە ئون بەش، يىگىرمە قەدەر ئاۋفاق توفەك كىتابلارىمى بىرلىن شەھرىنە گۆندەردىم..
رۇخسەت ئېتەر ئېسەڭىز، قەبۇل ئېدە ئېسەڭىز، بىرنەچچە كىتابىمى سىزنىڭ نامىڭىزە نەشر ئېدەرەم. بۆيۈك ئىھسانلەرىڭىزە، بۆيۈك ئىھتىراملەرىڭىزە قۇدرەتىم قەدەر تەشەككۇر ئەتمىش ئولۇرەم.
بۆيۈك ھۆرمەتلى بۆيۈك ئەزىمەتلى ئائىلەڭىزە شەئبان، رەمەزان ئايلەرىندە غايەت بۆيۈك ئىھتىرام ئىچىندە ئىككى ـ ئۈچ ئاي قەدەر مېھمان ئولدۇم. ئىھتىرام روز بەروز ئۇمماn زىيادە ئولۇر ئىدى. تەشەككۇر خۇسۇسلەرىندە باشقە بىر ھەممەتدەن ئاجىز ئىدىم ـ دە، سىزنىڭ نامىڭىزدە رەمازان كېچەلەرىندە خاتىرەمدىن بىر رىسالە يازۇب كاشغەر تەلەبەلەرىنە ھەدىيە ئېتدىم. ئىلمى ئەدەبىيە، ئىلمى دىنىيە دەرسلەرىنە ھەم بۆيۈك رىغبەتىمى ھەمدە ئاچۇق ھازىرلىكمى بەيان يوللەسىزە بىر نەمۇنە تەقدىم ئەتمىش ئولدۇم. رىغبەت قەدەر سىزىڭ ئالىڭزدەدۇر تەۋفىق تەقدىر ئاللاھ جەل جەلالە ھەزرەتلەرىنىڭ ئەمرى رىغبەت، قەدەر سىزىڭ ئالىكزدەدۇر. تەۋفىق تەقدىر ئەللاھ جەلل جەلالەھۇ ھەزرەتلەرىنىڭ ئەمرى ئولدۇم.
تائەبەد سىزە شۇكر ئېدەجەك.

مۇسا جارۇللاھ
كاشغەر 1349 ـ ھىجرىيە شەۋۋال بىرىندە ( 1931 ـ سەنەدە 2 ـ ئاينىڭ يىگىرمە سەككىزىندە )

# شائىر ئەھمەد يەسسەۋى ھېكمەتلىرىدە ئەخلاق تېمىسى

ئەمەت دەرۋىش

ئوتتۇرا ئەسىر قاراخانىيلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكى قاتارلىق كاتتا ئالىم ـ ئۆلىمالارنى تەتقىق قىلىش قانچىلىك مۇھىم بولسا، شۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە كېيىنكى چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن شائىر ئەھمەد يەسسەۋىنى تەتقىق قىلىشمۇ شۇنچىلىك مۇھىم. «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق» قاتارلىق شۆھرەتلىك ئەسەرلەرسىز قاراخانىيلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمىغانغا ئوخشاش، ئەھمەد يەسسەۋى ھېكمەتلىرىدىكى تىل، شېئىرىي ئۇسلۇب ۋە شۇ ئارقىلىق نامايان قىلىنغان ئەخلاق تېمىسىنى، بولۇپمۇ كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت، دۇنيا قاراش، دۇنيانى تونۇش ۋە ئۇنى بىلىش، ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرى ... قاتارلىق تېمىلارنى نەزەرگە ئالماي تۇرۇپ قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ۋە شۇ چاغدا شەكىللىنىۋاتقان چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تېماتىك ئالاھىدىلىكىنى، ئومۇملىشىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئەھۋالىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، شائىر ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ شۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى مۇناسىپ ئورنىنى كۆرسىتىش، تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم.

ئەھمەد يەسسەۋى ھېكمەتلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى بولۇشىغا قارىماي، بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن سولچىل ئىدىيىۋى لۇشيەننىڭ تەسىرى بىلەن ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان سوپىستىك دىنىي يېپىنچا قايرىۋېتىلمەي، ئۇلارغا بولغان باھا ۋە كۆزقاراش مەسىلىلىرى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىنماي، خۇنۇك دىنىي پەردە ھېكمەتلەرنىڭ ئىچكى نۇرانە سېيماسىنى پەردىلەپ تۇرىۋەردى. شۇڭا، ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ ھېكمەتلىرىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مەزمۇنىنى يورۇتۇش تەتقىقاتىمىزدىكى مۇھىم بىر تېمىلارنىڭ بىرىدۇر.

## 1

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدېئولوگىيىسىدە تۈپ ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىلگىرىكى تۈرلۈك دىنىي ئىدېئولوگىيە، بولۇپمۇ بۇددا دىنى ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئورنىنى ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى ئىگىلەپ، پۈتكۈل ئاڭ سىستېمىسىدا ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتتى. ئەنئەنىۋى بەدىئىي ئەدەبىيات گۈللىنىۋاتقان ئىسلام ئىدېئولوگى-

يىسسىنىڭ جانلىق تەشۋىقات قورالىغا ئايلىنىپ، كەڭ ئاۋامنىڭ دىنىي ئەقىدىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشى، دىنىي ئەخلاقنى چۈشىنىشى، قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈشىدە ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئىلگىرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دۇنياۋى ئەدەبىيات تېمىسىغا ئىسلام ئەقىدىسىنى ئۆزەك قىلغان بىر قىسىم دېتاللار ئارىلىشىپ، دىنىي ئەقىدە بىلەن ئۇيغۇر ئەخلاق تېمىلىرى بىر - بىرىنى تولۇقلاش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. دىنىي تەرغىباتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان سوپىستىك دىنىي ئېقىم ئۆز سۆلىكىنى كېڭەيتىشتە جانلىق خەلق تىلى ئارقىلىق ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىيەت ژانىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆز دەۋرىگە خاس تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈردى. شائىر ئەھمەد يەسسەۋى مانا مۇشۇ خىل ئەدەبىي مەكتەپ بەرپا قىلىش بىلەن بىرگە ئۆز ئالدىغا خاس ئىددىيىۋى پىكىر ئېقىمى شەكىللەندۈرگەن يىرىك شائىردۇر.

شائىر ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا تۈرلۈك قاراشلار مەۋجۇت. بەزى مەنبەلەردە «يەسسەۋى تەخمىنەن 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراخانىيلارغا قاراشلىق يەتتەسۇ ۋىلايىتىدىكى سايرامدا دۇنياغا كەلگەن ... 1116 - يىلى ئۆز يۇرتى يەسسىدە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرگەنلىكى سىرلىق رىۋايەتلەر بىلەن يوشۇرۇنغان. ئېيتىلىشىچە، ئۇ گەرچە مۇھەممەد پەيغەمبەردىن ئارتۇق ياشىماسلىقنى ئىستەپ 63 يېشىدا چىھلەخانىغا كىرىپ، روزا تۇتۇپ ئىستىقامەت قىلغان بولسىمۇ، ئىككى پەيغەمبەر يېشى غىچ 130 يىل ئۆمۈر كۆرگەن» دېيىلگەن.

يەنە بەزى مەنبەلەردە «ئەھمەد يەسسەۋى ئوتتۇرا ئاسىيالىق بولۇپ، 1086 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1166 - يىلى ۋاپات بولغان» دېيىلگەن.

يۇقىرىقى قاراشلارغا ئاساسلانغاندا، شائىر ئەھمەد يەسسەۋى قاراخانىيلار سۇلالىسىگە قاراشلىق يەتتەسۇ ۋىلايىتىنىڭ يەسسى دېگەن يېرىدە تەخمىنەن 1036 - يىلى دۇنياغا كەلگەن. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە، ئەنئەنە بويىچە ئانا يۇرتىنىڭ نامىنى ئۆزىگە تەخەللۇس ئورنىدا ئىشلەتكەن. ئۇنىڭ دادىسى سايرام شەھىرىدە خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن ئىبراھىم شەيخ دېگەن كىشى بولۇپ، بۇۋىسىنىڭ ئىسمى مەھمۇد ئىدى. شائىرنىڭ بالىلىق چاغلىرى سايرامدا ئۆتكەن. دادىسى ۋاپات بولغاندا شائىر يەتتە ياشتا ئىدى. كېيىن شائىر تۇغقانلىرى بىلەن يەسسى شەھىرىگە كۆچۈپ كېلىپ، شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر ئىسلام ئۆلىماسى شەيخ ئارسلان بابادىن دەسلەپكى قەدەمدە دىنىي تەربىيە ۋە ئىسلام تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلدى. ئارسلان بابا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سوپىزم ئىدىيىسى قانات يېيىپ ئىسلام دىنى قائىدە - قانۇنىيەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ كېتىۋاتقان، پۈتكۈل خەلق ۋۇجۇدى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلىپ، كەڭ تۈردە مەلۇم بىر سۇلۇككە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ئەۋج ئېلىۋاتقان مۇشۇنداق بىر شارائىتتا شائىر ئەھمەد يەسسەۋى ئۆز ئېتىقادى ۋە قىزغىنلىقىنى قىلچە سۇسلاشتۇرماي، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئىشتىياقىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئەينى دەۋرنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان بۇخاراغا بېرىپ، سوپىزمنىڭ داڭلىق ۋەكىلى شەيخ يۈسۈپ ھەمەدانى تەربىيىسىگە كىردى ۋە پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ھەمەدانىنىڭ پىكرىگە ئىشتىياق باغلاپ، ئۇنى ئىخلاس بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە ئۆز ئىدىيىسىدە كېيىنكى دەۋر يەسسەۋىچىلىك پىكىر ئېقىمىنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزۇشقا باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئۇستازى يۈسۈپ ھەمەدانى ۋاپات بولدى. ئۇستازىنىڭ ۋاپات بولۇشى بىخ يېرىش ئالدىدا تۇرغان يەسسەۋىچىلىك پىكىر ئېقىمىنىڭ يىلتىز تارتىشىنى مۇنبەت زېمىن بىلەن تەمىن ئەتتى. ئەھمەد يەسسەۋى ئۇستازىنىڭ ئورنىدا سوپىزم پىكىر ئېقىمىنى ئۆزىگە خاس يول بىلەن راۋاجلاندۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنى

ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە يېڭى پىكىر سىستېمىسىنى شەكىللەندۇرۇشكە باشلىدى. كېيىن ئۆز يۇرتى يەسسىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆز ئالدىغا مۇرىت توپلاپ، تەرىقەت سوپىستىك ئىدىيىسىنى شېئىرىي يول بىلەن تەلقىن شەكلىدە كىشىلەر ئارىسىغا تارقىتىشقا باشلىدى.

شائىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىتى ئاتا - بوۋىلىرى، قېرىنداشلىرى قويۇلغان قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنىپ، ھەشەمەتلىك گۈمبەز ياسالغان. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە، شائىرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە تەئەللۇق ئاسارئەتىقىلەر جۇجىخان ئۇلۇسىنىڭ خانلىرىدىن توختامىشخان تەرىپىدىن بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچراپ ۋەيران قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمىر تۆمۈر ھاكىمىيەت ئىگىلىگەندىن كېيىن، بۇ نەرسىلەر قايتۇرۇۋېلىنىپ، ئۆز ئورنىغا قارارلاشتۇرۇلغاندىن سىرت، گۈمبەز تېخىمۇ ھەشەمەتلەشتۈرۈلۈپ كېڭەيتىلگەن.

## 2

ئەھمەد يەسسەۋى پىكىر سىستېمىسى ناھايىتى تېزلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيە زېمىنلىرىگىچە كېڭىيىپ، كىشىلەرنىڭ مايىللىقىنى ئۆزىگە قاراتتى. يەسسەۋى پىكىر ئېقىمىنىڭ مۇنداق تېزلا شۆھرەت قازىنىپ، شۇ دەۋردىكى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دىنىي ئىدىيىۋى ئېقىملاردىن تېزلا ئېشىپ كېتىشى ۋە خەلق قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىدا شائىرنىڭ پىكىر سىستېمىسىدىكى بىر قىسىم ئىلغار خاھىش، خەلقچىللىق ئىدىيىسى قاتارلىقلارنىڭ گەۋدىلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

شائىر ئۆز شېئىرلىرىدىكى ھېكمەت جەۋھەرلىرىنى ئىسلام كالامىزم قانۇنلىرى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، كالامىزم ئىدىيىسىنى ئىدېئال، ئابستراكت چۈشەنچىدىن رېئال، كونكرېت مەسىلىلەرگە ئىگە قىلىپ، ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ چىرىك ئەخلاقىي سۈپەتلىرىنى ئايىماي سۆكۈپ، ئۇنى خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن بىرقەدەر يېقىنلاشتۇردى. بۇنىڭ تىپىك مىسالى ئەڭ ئاۋۋال شائىرنىڭ شاھلارنى ئادىللىق بىلەن ئىش كۆرۈشكە، ئۆزىنى ئىنسانىي ئەدەپ - ئەخلاق ئۆلچەملىرى بىلەن كونترول قىلىشقا يېتەكلەشتىن ئىبارەت ئەخلاق تېمىسىدىكى قاراشلىرىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇ:

مۇنافىقلار يۈرۈرلەر فىسقۇ - فۇجۇر قىلۇلار،
ھارام شۈبھە يېيۈرلەر قورقۇپ يىغلار خاجە ئەھمەد.
...
ئاخىر زامان بولغاندۇر پادىشاھ زالىم بولغاندۇر،
ھارام شۈبھە تولغاندۇر ھەيران بولۇر خاجە ئەھمەد.

شائىرنىڭ نەزىرىدە پادىشاھ ئەدلى - ئادالەتلىك ۋە مۇرۇۋۋەتلىك بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا خەلقنىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەملىككە ئېرىشىپ، كۆڭلى ئەمىن تاپىدۇ. لېكىن، غەيرىي خاھىش ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا قانۇنىي يوسۇندا چەك قويۇلماي، ئېزىش - ئېزىلىش بولمىغان باراۋەرلىك ئاساسىدىكى جەمئىيەت تەرتىپى يۈرگۈزۈلمەي، خەلقنىڭ ئەمىنلىككە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى، جەمئىيەتنى بولسا ئا-

دەمنى بىزار قىلىدىغان ناشايان ئىش ـ ھەرىكەتلەر قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن شائىر «ھەيران» بولۇپ، بۇ ھالەتنىڭ يۈز بېرىشىنى سىياسەتنىڭ ئىگىسى بولغان پادىشاھنىڭ زالىملىقى بىلەن باغلايدۇ. ئەخلاقىي چەكتىن ھالقىغان مۇناپىقلار فىسقۇ ـ فۇجۇر قىلىپ، خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇش بىلەن بىرگە ئۇلارنى ئۆز ئارا زىددىيەتكە سالىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ھال ئەينى دەۋر قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنىڭ ئالدىن بېشارىتى ئىدى. شۇڭا شائىر:

ئەھلى دۇنيا خەلقىمىزدە ساخاۋەت يوق،
پادىشاھ ـ ۋەزىرلەردە ئادالەت يوق.
دەرۋىشلەرنى دۇئاسىدە ئىجابەت يوق،
تۇرلۇك بالا خەلق ئۈستىغە چۈشتى، دوستلار.

دەپ يېزىپ، ئۇنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ، ئەدلى ـ ئادالەت ئەڭ ئاۋۋال ھاكىمىيەت ئىگىسى بولغان شاھ ـ ۋەزىرلەرنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىشى لازىم، دەپ قارايدۇ. لېكىن، بۇ مەقسەت ئەمەلگە ئاشمىغانلىقى ئۈچۈن شائىر يەنە:

ئۇلۇغ ـ كىچىك يارانلاردىن ئەدەب كەتتى،
قىز ۋە زەيىف جۇۋانلاردىن ھايا كەتتى،
ئەلھايائۇ مىنەلئىمان دەپ رەسۇل ئايدى،
ھاياسىز قوۋم ئاجايىپلار بولدى دوستلار.

دەپ يېزىش ئارقىلىق خەلقنىڭ بۇ خىل جەمئىيەتتىن بىزار بولۇش تۇيغۇسىنى، تىنچ، بەختىيار تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى، كىشىلەر بىر ـ بىرىگە ۋاپادار، كۆيۈمچان بولغان جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھال ئەينى دەۋر تەركىدۇنيا روھانىيەتچىل ئىدىيىسى كۆچەپ بازارغا سېلىنىۋاتقان سوپىزم پىكىر سىستېمىسىدىكى ۋەكىللىك شائىر ئەھمەد يەسسەۋى ئۈچۈن ئېيتقاندا، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى بولۇپ، ئۇنى مەلۇم جەھەتتىن قاراخاندا يۈسۈپ خاس ھاجىپ غايىۋى جەمئىيەت ئىدىيىسىنىڭ شائىر ۋۇجۇدىدىكى ئەمەلىي ئىنكاسى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرىنى تۇسۇپ قېلىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى سۈپىتىدە ئەڭ ئاۋۋال جەمئىيەت ئەخلاقىنى تۈزەش، بۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت ئىگىسى بولغان شاھ ۋە ئۇنىڭ قولداشلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي سۈپەتلەر ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىپ، ئادىل پادىشاھ كۈچلۈك دۆلەتنىڭ، خاتىرجەم تۇرمۇشنىڭ ئاساسى دەپ قارايدۇ. شائىر ئەھمەد يەسسەۋى مانا مۇشۇ ئىدىيىنى چۆرىدىگەن ھالدا جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ ئومۇمىي ھالىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، «مۇرد پىرغە قىلمادىلەر يۈزۈ خاتىر، ئەجەب شۇملۇغ زامانەلەر بولدى دوستلار» دەرىجىسىگە يەتكەن ئەخلاقىي بۇزۇلۇشنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

ئېنىقكى، خەلق ئۆز تۇرمۇشىنىڭ باياشات، كۆڭلىنىڭ خاتىرجەم، كوللېكتىپ ھاياتىنىڭ ئىناق، ئىتتىپاق، مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ كۆڭۈللۈك، ئەۋلادلىرىنىڭ بەختىيار، دۆلىتىنىڭ بىر پۈتۈن، سىياسىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىنى، جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ۋە ئاشۇلار ئارقىلىق ھاياتىغا ئىزگۇ مەنە بېرىپ، مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاشۇ تەلەپلىرىنى قاند-

دۇرۇش پادىشاھقا مەركەزلىشىپ قالغان فېئوداللىق جەمئىيەتتە بۇ ھالەتنى ئەڭ ئاۋۋال جەمئىيەتنىڭ سەگەك قۇلىقى، ئۆتكۈر كۆزى بولغان شائىر يازغۇچىلار تونۇپ يېتىپ، ئۇنى خەلقنىڭ ئارزۇسى سۈپىتىدە ئۆز قەلىمى ئارقىلىق جەمئىيەتكە ئۇقتۇرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن شائىر بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. شۇڭا، شائىردا ئەڭ ئاۋۋال يۈكسەك خەلقپەرۋەرلىك تۇيغۇسى، مۇكەممەل ئەخلاقىي چۈشەنچە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى تىلەك، ئۇلۇغ ئىستەك بولۇشى كېرەك. بۇ نۇقتىدا شائىر ئەھمەد يەسسەۋى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىنى بىرقەدەر چوڭقۇر كۆزىتىپ، خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى چەقىش قىلغان ھالدا ھوقۇقنى قانداق خىسلەتلىك كىشىلەر تۇتۇش، قانداق ئىشلىتىش ۋە كىمگە ئىشلىتىش لازىملىقى توغرىسىدىكى كۆزقارىشىنى دادىللىق بىلەن ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

موللا، مۇفتى بولغانلار، ناھەق دەئۋا قىلغانلار،
ئاقنى قارا قىلغانلار ئول تامۇغقە كىرمىشلار.
قازى، ئىمام بولغانلار، ناھەق دەئۋا قىلغانلار،
ئول ھەممالدەك بولۇبان يۈك ئاستىدا قالمىشلار.

بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان موللا، مۇپتى، قازى، ئىمام دېگەنلەر مۇقەررەركى، ئەينى دەۋردىكى مەلۇم مەنسەپ، ئەمەل ناملىرى بولۇپ، بۇ مەنسەپكە مۇيەسسەر بولغانلار شائىرنىڭ نەزىرىدە ناھەق دەۋا قىلىش، ئاقنى قارا دەپ يالغان ئېيتىش، تۆھمەت چاپلاش، يوقنى بار قىلىش، بارنى يوق قىلىش، ھارام يېيىش قاتارلىقلارنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى سەمرىتكۈچىلەر بىلەن بىر قاتاردىكى كىشىلەر بولۇپ، شائىر ئۇلارنى مۇقەررەر دوزاخ ئازابى تارتقۇچىلار، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، شائىر بۇ مىسرالاردا گەرچە ئەخلاقىي بۇزۇلۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى تەپسىلىي شەرھلەپ، ئۇنىڭغا تېگىشلىك جازانى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما يۇقىرىقىدەك مەنسەپ ئىگىلىرىنى شۇ خىل ئىللەتنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ياكى ئەنە شۇنداق بۇزۇقچىلىقلارنى پەيدا قىلغۇچىلار دەپ قاراپ، ئۇلارنى ئۆز چۈشەنچىسىدىكى ئەڭ دەھشەتلىك ئازاب غىخ دوزاخ ئازابى بىلەن جازالانغۇچىلار دەيدۇ. چۈنكى، شائىر مۇكەممەل تۈزۈمگە ئىگە فېئوداللىق جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن «شاھتىن ئادالەت كۆتۈرۈلگەن» لىكىنى بىلىپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئادالەتنى بىلمىگەن شاھنىڭ ئادالەتتىن سۆز ئېچىشىنى بىمەنىلىك دەپ چۈشەنگەنىدى. بۇ شائىر ئېيتقاندىكى مەلۇم ئىلغارلىق خاھىشىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى بولۇپ، شاھ ھۆكۈمرانلىقى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن فېئودالىزم جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئىسيانكارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شائىر نەزىرىنى جەمئىيەتكە ئاغدۇرغاندا، ئاچ كۆزلۈك، پىخسىقلىق، نەپسانىيەتچىلىك، يامان خۇيلۇق بولۇشقا ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرنى پاش قىلىپ، «ئۇ خىل ئىللەتلەر ئادىمىي خىسلەتكە يات» دېگەن قاراشنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

نەفس يولىغە كىرگەن كىشى رەسۋا بولۇر،
يولدىن ئازىپ، تايىپ، توزۇپ، گۇمراھ بولۇر.
ياتسە، قوپسە شەيتان بىلە ھەمراھ بولۇر،
نەفسنى تەپكىل، نەفسنى تەپكىل ئەي بەدكەردار.

بىر پۈتۈن زەنجىرسىمان مۇناسىۋەتكە ئىگە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا تەپسىلىي نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ باشتىن - ئاخىر ئىلغار خاھىشنى ئىپادىلەشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىش بىلەن بىرگە، ھەرقايسى تارىخىي دەۋردە ياشىغان ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر شائىر - يازغۇچىلارنىڭ ياخشى ئەخلاق، ئىلغار ئىدىيىنى زامانىسىنىڭ ئومۇمىي خاھىشى بىلەن زىچ بىرىكتۈرۈپ ئىپادىلەشتە ئۆزگىچە يول تۇتقانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇ شائىر - يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بەدىئىي ماھارىتىدىكى پەرق بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەت جەھەتتە شائىر - يازغۇچى ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوبيېكت بىلەن پىششىق تونۇشقان ياكى تونۇشمىغانلىقى، مۇھىمى شۇ نەرسىنىڭ خەلق ئومۇمىي كەيپىياتىغا بولغان تەسىرىنى بىلىش دەرىجىسىنىڭ چوڭقۇر ياكى ئەمەسلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شائىر يەسسەۋى ھېكمەتلىرىدە ئەخلاق تېمىسىغا مۇراجىئەت قىلغاندا، بولۇپمۇ نەپس مەسىلىسىگە تەنقىدىي كۆز بىلەن قارىغاندا، نەپسنى خۇددى ياۋا قۇشتەك ئاسان قونمايدىغان بىر نەرسە، شۇڭا ئۇنى خاھىشىغا قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ، ئۇنى ئۆزىنىڭ پەرۋازىغا قويۇۋەتسە، ئاقىۋەتتە «نەفس يولىغە كىرگەن كىشى رەسۋا بولۇر»، «نەفسىڭ سىنى ئاخىر دەمدە گەدا قىلغاي» دەپ يېزىپ، نەپسنىڭ ئادەمنى نابۇت قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دېمەك، شائىر بارلىق ياخشى خۇلقلار ئالدى بىلەن ئۆز نەپسىنى يېڭىشتىن باشلىنىدۇ، شۇڭا نەپسنى ئۆزىگە قۇل قىلالىغان ئادەم مەڭگۈلۈك ئادىمىي خىسلەتنىڭ نادىر ئۈلگىسى بولۇشقا مۇناسىپ، دەپ قارايدۇ.

بىز يەسسەۋى ھېكمەتلىرىدىن ئىنسان روھىيىتىنىڭ بىرىنچى دۈشمىنى نەپس ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىنسانىيەت بەختىنى نابۇت قىلغۇچى قارا كۈچ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان رەزىل كۈچنىڭ تېخى بايقالمىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇ ھەقتە شائىر:

«قۇل خوجە ئەھمەد نەفس ئىلكىدىن قىلۇرمەن داد !»

دەپ چۇقان كۆتۈرىدۇ. مانا بۇ شائىرنىڭ قەلبىدە مەۋج ئۇرغان نەپسكە قارشى ئىسيانكارانە روھ. بۇنداق ئېسىل روھ پەقەت تەڭداشسىز مەنىۋى قۇدرەتكە ئىگە ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كېسىپ ئېيتالايمىزكى، ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ھېچقانداق بىر شائىر - يازغۇچى نەپسكە قارشى ئەھمەد يەسسەۋىگە ئوخشاش دادىللىق بىلەن ئوت ئاچالىغان ئەمەس. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن يازغۇچى - شائىرلار نەپس تېمىسىدا يەسسەۋى ھېكمەتلىرىدىن روھىي ئوزۇق ئېلىپ، ئۇلارنى شەرھلەش، ئۇلارغا بولغان چەكسىز قايىللىقىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن مەلۇم مىسرالارنى تىزغان. مەسىلەن، ئابدۇللا ئارىپوف مۇنداق يازىدۇ:

نەفس ئۈچۈن دۇنياغا دىل بەرگەن پاسىقلار شۇ بۇ كۈن،
يەسسەۋى خاك پايىدىن ئەيلەپ ئېلىڭ تۇمارلار.

دېمەك، شائىر نەپس توغرىسىدا ئىنتايىن گۈزەل مىسرالارنى يېزىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز ۋۇجۇدىنى قاماللاپ تۇرغان نەپستىن ئىبارەت قارا كۈچنى ئۈزۈل - كېسىل بىتچىت قىلالىغان.

شائىر ھېكمەتلىرىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئاكتۇئال تېمىلارنىڭ يەنە بىرى پۈتكۈل ئىشتىياقى بىلەن ئىلىم ئىگىلەپ، نادانلىقتىن قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت.

شائىرنىڭ قارىشىچە، نادانلىق بارچە ئەخلاقسىزلىقنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئۇنى تۈگەتمىسە ئىنسان روھى پاكلانمايدۇ، شۇنداقلا نادان كىشىلەر بىلەن ئۈلپەت بولغان ئادەممۇ ئېغىر ئازابقا دۇچار بولىدۇ:

ئايا دوستلار، نادان بىرلەن ئۈلفەت بولۇپ،
باغرىم كۆيۈپ، جاندىن تويۇپ ئۆلدۈم مانا.
توغرى ئېيتسام ئەگرى يولغە بويىنىنى تولغار،
قانلار يۇتۇپ غەم زەھرىغە تويدۇم مانا.

نادان بىرلە ئۆتكەن ئۆمرۈڭ نارى سەقەر،
نادان بارسە دەۋزەخ ئاندىن قىلغاي ئەزەر.
نادان بىرلە دەۋزەخ سارى قىلماڭ سەفەر،
نادان ئىچرە خازان يەڭلىغ سولدۇم مانا.

ئىلمى ھېكمەت ئالىملىرى دۇنيادىكى بارچە ياۋۇزلۇقنىڭ تۈپ مەنبەسى نادانلىق دەپ كۆرسەتكەندى. شۇنىڭغا ئوخشاش دۇنيادىكى بارچە ياخشىلىقنىڭ باشلىنىشى بىلىمدىن بولسا، بارچە يامانلىقنىڭ ۋە رەزىللىكنىڭ باشلىنىشى نادانلىقتىن بولىدۇ. نادانلىق ئەۋج ئالغان زاماندا ياخشىلىقنىڭ ئۆمرىگە نۇقسان يېتىپ، نۇرغۇنلىغان ئالىيجاناب ئەخلاق ئىگىلىرى نادانلىقنىڭ بىگۇناھ قۇربانىغا ئايلىنىدۇ. بىز سۆيىپكتىپ ئېيتىمىز بويىچە بارچە گۇناھكارنىڭ جازا مەيدانىنى دوزاخ، دوزاختا بۇ دۇنيادا كىشىلەر جازا بېرىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ياكى جازالاشتىن تۇرلۇك يوللار بىلەن ئۆزىنى قاچۇرغان كىشىلەر يېتەرلىك ئازابقا ئۇچرايدۇ، دوزاخ گۇناھكارنى جازالايدىغان ئادىل مەيدان، دەپ قارايمىز. لېكىن، يەسسەۋى بىزنىڭ قارشىمىزنىڭ ئەكسىچە، ئاشۇ رەھىمسىز، ئادىل مەيدان غىمۇ دوزاخمۇ ناداندىن قاچىدۇ، دەپ قارايدۇ. دوزاخ قاچقان ناداندىن ئادەم ئەلۋەتتە نېرى تۇرۇش، ئۇنى ئاشۇ يول ئارقىلىق يېتىم قالدۇرۇش لازىم. شائىر نادانلىقنى يالغۇز ئىلىم ئىگىلىمەسلىك بىلەنلا چەكلەپ قويمىغان. ئۇ نادانلار قاتارىغا يەنە باشقىلار زۇلمەت ئىچىدە رىيازەت چېكىپ يولدىن ئادىشىپ قالغاندا، توغرا يول كۆرسىتىشتىن باش تارتىپ، ئۇلارنىڭ ئازاب – ئوقۇبىتى بەدىلىگە خوشال بولىدىغان، خەير – ساخاۋەت داستىخىنىدىن قارنى توق تۇرسىمۇ نېسىۋە تەمە قىلىدىغان، زامان زۇلمىدىن رەنج تارتقان مىسكىن كۆڭۈلنى ياخشى گەپ بىلەن ئاۋۇندۇرۇش ئورنىغا ھەسسىلەپ ئازار بېرىدىغان، ۋىجدانسىز، ئاچ كۆز، رەھىمسىز ئادەملەرنىمۇ تىزىپ، ئۇلارنى ئىنسان ئەخلاقىنىڭ رەھىمسىز قاتىللىرى دەپ كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ بۇ دۇنيادىكى ۋاقىتلىق مال – مۈلۈكنى كۆز – كۆز قىلىپ باشقىلارنى مەنسىتمەيدىغان تەكەببۇر، دۇنيا خۇمار كىشىلەرنى ئەڭ جاھىل نادانلار دەپ تونۇيدۇ.

دۇنياسىغە مەغرۇر بولۇپ يۈرگەنلەر،
ھەيۋان ئېرور بەلكى ئاندىن بەتتەر ئەرمىش.

شائىر كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر – مۇھەببەتنىڭ بارغانسېرى سۇسلىشىۋاتقانلىقىدىن قايغۇرۇش بىلەن بىرگە، ھاياسىزلىق، ئىنساپسىزلىق قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرنىڭ كۆچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن زارلىنىدۇ، نادانلىقتىن قاتتىق يىرگىنىدۇ:

يەر ئاستىغە قاچىپ كىردىم نادانلاردىن،
ئىلكىم ئاچىپ دۇئا تىلەپ مەردانلاردىن.

غېرىب جانىم يۈز تەسەددۇق دانالاردىن،
دانا تاپماي يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

شائىر يەنە كىشىلەرنى ئۆز ئارا ئىناق ـ ئىجىل ياشاشقا، بىر ـ بىرىگە مېھرىبان، مۇرۇۋۋەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ:

قايۇ يەردە ئەزىزلەرنى جەمئى بولسە،
ئەشۇ يەردە ھال ئىلىمنى ئايغۇم كېلۇر.
ئۇلارنى سۆھبەتىنى خۇشلاسەم مەن،
ئۆزۈمنى ئۆزلەرىغە قاتقۇم كېلۇر.

فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈم ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرغان جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر بىر ـ بىرىدىن ناھايىتى روشەن پەرقلىنىدۇ. ئەينى دەۋر جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ بۇزۇلۇشى، ناچار خاھىشلارنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈم تۈپەيلى، ھەر قايسى ئىجتىمائىي قاتلامدىكى كىشىلەرگە تۇتۇلغان مۇئامىلە ئۆز ئارا ئوخشىمايتتى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ پەرقى چوڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام دىنىنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئۆز مەقسەت ـ ئېھتىياجى بويىچە چۈشەندۈرۈپ كىشىلەرگە سىڭدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان تەسەۋۋۇپچىلار كۆچىيىپ، خەلقنى تۇرلۇك يول بىلەن شىلىشقا تەييار تۇراتتى. بۇنداق ئىجتىمائىي شارائىتتا شائىر ئەھمەد يەسسەۋى تۆۋەن تەبىقە ھېسابلانغان مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، قايغۇسىغا قايغۇرۇپ، ئۇلارغا ئاللادىن شەپقەت تىلەيدۇ. ئۇ گەرچە سوپىزمنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى بولسىمۇ، ئەمما دىن ۋە سوپىستىك تەرغىبات ئۇسۇلىنى فېئودال ھاكىم مۇتلەقلىق ئىدىيىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماستىن، بەلكى دىننى دىنىي يول بويىچە يۈرگۈزۈشكە، خەلققە مېھرىبانلىق قىلىشنى، شەپقەت تىلەشنى ئۆز يولى بويىچە ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ:

غەرىب، پېقىر يېتىملەرنى قىلغىل شادىمان،
خۇلقلەر قىلىپ ئەزىز جانىڭ قىلغىل قۇربان.
تۆئمە تاپساڭ جانىڭ بىلە قىلغىل مېھمان،
بۇ سۆزلەرنى ھەقتىن ئىشتىپ كەلدىم مانا.

مىسكىنلەرنىڭ كۆڭلىنى شاد قىلىش ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلىش، ئۆز قولىدىكى ياخشى نېمەتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشنى «ھەق»نىڭ بۇيرۇقى ھېسابىدا كىشىلەرگە يەتكۈزۈشنى خەلق قاتمۇقات زۇلۇم ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان ئەينى دەۋر ئۈچۈن ئېيتقاندا، خەلقپەرۋەرلىكنىڭ روشەن ئىپادىسى ئىدى. ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ نەزىرىدە تەڭرى يولى بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ئەڭ توغرا، ئەڭ ئادىل مىزان ـــ ئۆلچىمى ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئادىمىيلىكنى ئاشۇ مىزان بىلەن ئۆلچەيدۇ ۋە ھەقىقىي ئادەم بولۇشنىڭ يولى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھەق ئىش قىلىشقا ئىنتىلىش، شەخسىي مەنپەئەتتىن ئۆزۈل ـ كېسىل قول ئۈزۈپ مەقسەتكە يېتىشنى كۆزلەش دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئۇ «مەن» تەسۋىرىدە بىغەملىكنى ئادەت قىلغان بىر كىشىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇنىڭ

ھەسرەتلىك تۇرمۇشى ئارقىلىق كىشىلەرگە نادانلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۇقتۇرىدۇ ھەم كىشىلەرنىڭ نادانلىقى تۈپەيلى تۈرلۈك يامان ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولغانلىقىدىن قەلبى پۇچۇلىنىپ، ئىلىم - مەرىپەتنى ئۇلۇغلايدۇ، كىشىلەرنى ئىلىم - مەرىپەتلىك بولۇشقا چاقىرىدۇ ھەم نادانلىق، بىغەملىكنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ:

مۇھەببەتنى دەرياسىدە غەۋۋاس بولۇپ،
مەئرىفەتنى گەۋھەرىنى ئالغۇم كېلۇر.

* *

سۇنمە غەفلەتكە بويۇن، غەفلەت سېنى گۇمران ئېتەر،
كىمكى سۇنسە بويىنىنى غەفلەت ئانى زەڭگار ئېتەر.

شائىر يۇقىرىقىدەك ئۆزىنىڭ مەرىپەت قارىشىنى ئېنىق شەرھلەپ، ئىلىم - مەرىپەتنى ئۇلۇغلاش بىلەن بىرگە ئۆزىنى ئىلىملىك ئەردىن ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ:

ئىلكىڭدىن كەلسە قىلا كۆر خاجە ئەھمەد، ئەر ئىشىن،
ئەر ئىشىن قىلغان كىشىنى ئىشى ھەر ھەققە ياقار.

ئەھمەد يەسسەۋى ھېكمەتلىرىنى ئەستايىدىل كۆزەتسەك، ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان ئىسلام دىنى يېپىنچىلىرى ئاستىدا خەلقپەرۋەرلىك ۋە گۇمانىستىك روھنىڭ جۇلالىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. شائىر ياشىغان دەۋر ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئۇنىڭدەك ئۆز ئالدىغا سۇلۇك پەيدا قىلىپ، شۇ يول ئارقىلىق مەلۇم بىر مەقسەتكە يېتىشنى كۆزلىگەن شائىرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ دىنىي تونىنى يېپىنماي تۇرۇپ ئۆز مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، يەسسەۋى يۇقىرىقىدەك ئىلغار خاھىشنى جانلىق شېئىرىي سۆزتىلار قۇرۇلمىسىدا ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، يەنە مەردانىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىسلام دىنى چۈشەنچىسىدىكى جەننەت ۋە دوزاخ ئوبرازلىرىنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ كونكرېت دىئالوگلىرى ئارقىلىق زامانىسىدىكى ئەخلاق چۈشەنچىلىرى ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى بايان قىلىدۇ:

بېھىش دوزاخ تالاشۇر تالاشماققا بايان بار،
دوزاخ ئايتۇر: مەن ئارتۇق، مەندە فىرئەۋن، ھامان بار.
بېھىش ئايتۇر: نە دەرسەن، سۆزنى بىلمەي ئايتارسەن،
فىرئەۋن ھامان سەندەدۇر، مەندە يۇسۇف كەنئان بار.
دوزاخ ئايتۇر: مەن ئارتۇق، بېخىل قۇللار مەندە بار،
بېخىل قۇللار بويىندا ئوتلۇق زەنجىر - كىشەن بار.
بېھىش ئايتۇر: مەن ئارتۇق، مۆئمىن قۇللار مەندە بار،
مۆئمىنلەرنىڭ ئالدىدا تۈرلۈك نىئمەت ئەلۋان بار.
دوزاخ ئايتۇر: مەن ئارتۇق، مۇنافىقلار مەندە بار،

مۇنافىقلار بويىنىدا ئوتتىن ئىشكەل ـ كىشەن بار.
بېھىش ئايتۇر: مەن ئارتۇق، ئالىم قۇللار مەندە بار،
ئالىملارنىڭ كۆڭلىدە ئايەت، ھەدىس، قۇرئان بار.

دوزاخ بىلەن جەننەتنىڭ بۇ دىئالوگى ناھايىتى ئېنىقكى، مۇناپىقلىق، زالىملىق، ئاچ كۆزلۈك، بېخىللىق، مەنمەنچىلىك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرنىڭ قاتتىق ئەيىبلىنىدىغانلىقى ۋە ئاشۇ ئىللەتلەرنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان كىشىلەرنىڭ ئازاب لاگېرى غىخ دوزاختا جازاغا تارتىلىپ قاتتىق قىينىلىدىغانلىقى ھەم ياخشى كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ۋە ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

ئەھمەد يەسسەۋى باشتىن ـ ئاخىر خەلق مەنپەئىتىنى ئەڭ ئالدىغا قويۇپ، زامانىسىدىكى ناھەقچىلىك، نادانلىق، ئەخلاقسىزلىققا ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرنىڭ ئەدەپ كېتىشىدىن ھەسرەتلىنىپ، تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى ئوت ئاچقان مەردانە ئوغلان. ئۇ گەرچە تۈرمۈشنى زاھىتلىق قىلىش ئارقىلىق قامدايدىغان بولسىمۇ، لېكىن زاھىتلىقنى خەلقنى شىلىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغان سوپى ـ زاھىتلارنى رەھىمسىزلەرچە پاش قىلىدۇ. شائىرنىڭ ئىلغار دېموكراتىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى مانا مۇشۇ نۇقتىدا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ:

سوفىلىق شۇنداقمىدۇ، دائىم ئىشىڭ ئىسيان بىلەن،
دانەئى تەسبىھ قولۇڭدا تىللارىڭ غەيبەت بىلەن،
دائىما كەفلەر ئۇرارسەن نەفس بەد ئىززەت بىلەن،
سوفى نەقشى ئولدۇڭ ۋەلې ھەرگىز مۇسۇلمان بولمادىڭ.

سوفى نەفس ئۇچۇن ھەردەم ئىشىككە باقاسەن،
نەزىر ئالىپ كەلدىمۇ دەپ ئارقاسىغە قاقاسەن.
ھەرگۇناھ پىرى خەتەر شەرمەندە يۈزى قاراسەن،
سوفى نەقشى ئولدۇڭ ۋەلې ھەرگىز مۇسۇلمان بولمادىڭ.

قولىدىن تەسۋى چۈشمەيدىغان ( كۆرۈنۈشى تەقۋادار )، ئەمەلىيەتتە تەمەنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان، يالغان سۆز ـ ھەرىكەت بىلەن ئادەم ئالداشنى مەقسەت قىلغان سوپىلار شائىر نەزىرىدە ئەرزىمەس بىر مەخلۇق. بۇنداق مەخلۇقلاردىن ئەلگە ئازار، ۋەتەنگە كۈلپەتتىن باشقا نەرسە كەلمەيدۇ. تارىخىمىزنى ۋاراقلاپ كۆرسەكمۇ، سوپى ـ ئىشانلارنىڭ خەلقىمىز بېشىغا كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەھمەد يەسسەۋى بۇزۇلۇۋاتقان ئەخلاقىي ھادىسىلەرنى كۆزەتكەندە، رىياكار، ئالدامچى سوپى ـ زاھىتلارنىڭ خەلقنى شىلىشتىكى تۈرلۈك ۋاستىلىرىنى ئايماي سۆكىدۇ؛ خەلقنى ئالداپ توپلىغان مال ـ مۈلكى بىلەن مەغرۇرلىنىپ، لاپ ئۇرۇپ جان باقىدىغان پەسكەش تەبىئىتىنى پاش قىلىدۇ:

سوفى بولماي نەيلەسۇن ئۆيدە قىلۇرغە ئىشى يوق،
دەئۋايى سوفى قىلۇر خەلقىغە بېرۇرگە ئاشى يوق.

ئاھ ـ ۋاھ دەرلەر يەنە كۆزىدە قەترە ياشى يوق،
سوفى نەقشى ئولدۇڭ ۋەلې ھەرگىز مۇسۇلمان بولمادىڭ.

خەلققە نەپ يەتكۈزۈش، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش شائىر نەزىرىدە ئەڭ ئالىي شەرەپ. ئۇ سوپىلارنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، رىياكار، يالغانچى، ئاچ كۆز سوپىلارنى:

دانەئى تەسبىھ ئالىپ ئەلنى كۆزىگە سوفى سەن،
نەفس بەدلەر ئالدىدا تەرسا جۇھۇدلار توپى سەن.

دەپ تىللايدۇ.

شائىرنىڭ سوپىلار ھەققىدىكى بۇ خىل ئەمەلىي قاراشلىرى كېيىنكى دەۋرلەردە نەۋائى ۋە زەلىلى ئىجادىيىتىگىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. نەۋائى ئىجادىيەت تېمىلىرى بايراق قىلىنغان 15 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تېماتىكىسىدا بولسۇن ياكى زەلىلىنىڭ رېئالىزملىق ئېلېمېنتلار بىلەن تويۇنغان ئىجادىيەت تېمىلىرىدا بولسۇن، رىياكار سوپى ـ زاھىتلارنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى پاش قىلىش ئەھمەد يەسسەۋى ھېكمەتلىرىدە چېچەك ئاچقان مۇشۇ خىل خاھىشنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا ئەمەس. بۇ ئۇقتىدا شائىر گەرچە ئۆزى ئاتاقلىق سوپىزم ۋەكىلى بولسىمۇ، لېكىن سوپىلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان رەزىل قىلمىشلىرىنى قامچىلاشتا دادىل ھەرىكەت قىلغان. مەلۇم جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ شائىرنىڭ ئەينى دەۋر جاھىلىيەت كۈچلىرى تەرىپىدىن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن مەنسۇر ھەللاجى يولىنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى دەپ تونۇيدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىشى ھېسابلىنىدۇ.

## 3

سوپىزم ئەدەبىياتى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىغا سوپىزم ئىدىيىۋى خاھىشىنىڭ يامرىشى بىلەن تەڭ باشلانغان. ئېنگېلس «گېرمانىيىدە دېھقانلار ئۇرۇشى» دېگەن كىتابىدا «فېئودالىزمغا قارشى ئىنقىلابىي ئۆكتىچىلەر پۈتۈن ئوتتۇرا ئەسىر داۋامىدا پائالىيەت ئېلىپ باردى. شارائىتنىڭ بىردەك بولمىغانلىقى تۈپەيلى ئۇ بەزىدە سوپىزم شەكلىدە، بەزىدە ئاشكارا دەھرىيلىك شەكلىدە، بەزىدە قوراللىق ئىسيان شەكلىدە ئىپادىلەندى» دەپ يازغانىدى. ئېنگېلسنىڭ مۇشۇ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، ئىلغار خاھىشتىكى سوپىستىك كۈچلەر تارىختا ئەدەبىياتنى ۋاستە قىلىپ، ئىنساننى ئۇلۇغلىغان، ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغان فېئودالىزم جەمئىيىتىگە ۋە فېئودال كۈچلەرنىڭ ھاكىممۇتلەقلىق زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرغان. شائىر ئەھمەد يەسسەۋى مانا مۇشۇ مەقسەتنى چىقىش قىلغان ھالدا ئۆز زامانىسىدىكى روھانىي كۈچلەردىن پەرقلىق ھالدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، فېئودال روھانىيلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان بايەزدى، مەنسۇر ھەللاجى قاتارلىق ئىلغار خاھىشتىكى سوپىستىك كۈچلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇشنى ئىستىگەن.

شائىر ئەھمەد يەسسەۋى ئىجادىيىتىدە زامانىسىدا ئېزىلىۋاتقان خەلق ئاممىسىنىڭ تەقدىرىنى ئوزۇل ـ كېسىل ھەل قىلىشنىڭ ئۇنۇملۇك چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان بولسىمۇ، لېكىن خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىغا ھېسداشلىق قىلغان؛ فېئودال زالىم كۈچلەر ئۈستىدىن ھەقلىق يوسۇندا

ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ چىرىك ئەخلاقىي دۇنياسىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئېچىپ تاشلىغان؛ روھا-
نىي كۈچلەرنىڭ ئالدامچى، ھىيلىگەر، نەيرەڭۋاز خۇسۇسىيىتىنى، خەلقنى شىلىشتىكى رەزىل ۋاستە-
سىنى دادىللىق بىلەن ماھىيەتلىك ھالدا پاش قىلغان. بۇ ھال ئەينى دەۋر ئۇچۇن ئېيتقاندا، يۈكسەك
خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ روشەن ئىپادىسى ئىدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە شائىر ئىجادىيىتىدە ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىر تەرەپ تىل جەھەتتىكى
ئالاھىدىلىكتە كۆرۈلىدۇ. شائىر مەيلى ئۆز ئىدىيىسىنى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىتىش مەقسىتىدە
بولسۇن ياكى ئەرەب، پارس تىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا كەڭ تۈردە ئومۇملىشىۋاتقان
ئاشۇ دەۋردە ئەرەب - پارس تىللىرىنىڭ ئۆز ئانا تىلىنىڭ ئورنىنى ئېلىش خەۋپىگە قارشى تۇرۇش
ئۈچۈن بولسۇن، ساپ، جانلىق خەلق تىلى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ خارەزم تەرەپلەردە
كەڭ تۈردە ئومۇملىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇنىڭدىن باشقا ئەھمەد يەسسەۋى شېئىرىيەتتە ۋەزىن
يەڭگىل، پىكىرلەر ئويناق، راۋان، شوخ بولۇشتىن ئىبارەت ئاددىي شېئىرىي شەكىل ئارقىلىق يېڭىچە
ئۇسلۇب ياراتتى. يۇقىرىقى نۇقتىلار شائىر ئىدىيىسىدىكى ئىلغار خاھىش بىلەن قوشۇلۇپ، شائىر
ئىجادىيىتىنىڭ مۇناسىپ ئورنىنى بەلگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ بەردى.

دەرۋەقە، سوپىزمنىڭ تەرغىبات ئىدىيىسى ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، تەركىدۇنيالىقنى تەشەببۇس قى-
لىپ، بۇ دۇنيادىكى بارلىق مەئىشەتتىن قول ئۈزۈپ ئۇ دۇنيالىقنى ئىزدەش، بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن
تۈرلۈك ئەمەللەرنى بېجىرىشتىن ئىبارەت. بۇ ئومۇمىي تەرەققىيات ئېقىمغا تەسىر يەتكۈزۈپ، تەرەققى-
ياتنى بوغۇپ، ئىنسان مەنۋىيىتىنى چۈشەپ قويىدۇ. شائىر ئەھمەد يەسسەۋى ئىدىيىسىدە بۇ تەرەپمۇ
بەلگىلىك دەرىجىدە ئورۇن ئالغان. شائىر ئۆز ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىشتا كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا ئۇ
دۇنيا چۈشەنچىسىنى تولۇق سىڭدۈرۈپ، تەركىدۇنياچىلىقنى تەشەببۇس قىلغان، ئۇ دۇنيا مەئىشىتىنى
كۆككە كۆتۈرۈپ، رېئال دۇنيا مەئىشەتلىرىنى چەتكە قاققان. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا نوقۇل سو-
پىستىك ئىدىيىنى تەرغىب قىلىپ، پۈتكۈل خەلقنى قۇلغا ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان، ئۆز مەق-
سىتىگە يېتىش يولىدا ھەرقانداق ئەسكىلىكنى قىلىشتىن يانمايدىغان روھانىي كۈچلەردىن ئالاھىدە
پەرقلىنىدۇ. بۇ دۇنيادىكى ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەت، خەلقنىڭ بەختى يولىدىكى پىداكارلىق، خا-
لىس ياردەم، ياخشى ئەخلاق، ئېسىل پەزىلەتلەر ئۇ دۇنيا راھىتىنىڭ ئاساسى دېگەن ئىدىيىدە چىڭ تۇ-
رۇپ، شۇ ئاساستا ئۆز پىكرىنى يورۇشتۇرىدۇ ۋە مۇشۇ يول بويىچە ئۆز ئىدىيىسىنى قاناتلاندۇرىدۇ. بۇ
ھال «جەننەت بىلەن دوزاخ» نىڭ دىئالوگىدىكى مەزمۇنلاردا روشەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، 1 - توم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 - يىلى نەشرى؛
2. «بۇلاق» ژۇرنىلى، ئومۇمىي 14 -، 16 -، 20 - سانلار؛
3. شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 -
يىلى نەشرى.


(ئاپتور قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىدا، دوتسېنت)

# نادىر مەسەل - چۆچەكلەر خەزىنىسى «كەلىلە ۋە دىمنە»

مۇھەممەدتۇرسۇن تۇردى

«كەلىلە ۋە دىمنە» پەند - نەسىھەت خاراكتېرىدىكى مەسەل - چۆچەك ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەردىن تۈزۈلگەن زور ھەجىملىك ئەسەر بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ مۇشۇ نام بىلەن دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئۇزۇندىن بۇيان، تونۇشلۇق بولۇپ كەلدى. مىلادىيە 1717 - يىلى موللا مۇھەممەد تۆمۈر بۇ كىتابنى پارس تىلىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغاندىن بۇيان ئۇنىڭدىكى كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە قىزىقارلىق مەسەل - چۆچەكلەر خەلقىمىزگە ئىجابىي مەنىۋى ئوزۇق بېرىپ، ئەدەبىيات گۈلزارىمىزغا يېڭى ھۆسن قوشتى. 1984 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نىمەتۇللا ئەبەيدۇللاخان ھاجىم بۇ كىتابنىڭ موللا مۇھەممەد تۆمۈر نۇسخىسى ئاساسىدا ئىشلىگەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىنى نەشر قىلغاندىن بۇيان، كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز بۇ ئەسەر بىلەن تېخىمۇ كەڭ تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭدىكى چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇن، گۈزەل تىل ۋاستىسى بىلەن يارىتىلغان يارقىن بەدىئىي ئوبرازلار ۋە پەلسەپىۋىلىككە باي ھېكمەتلەر كىشىلەرنى مەھلىيا قىلدى. كىتابنىڭ 2006 - يىلى قايتا نەشر قىلىنغانلىقى يەنە بىر زور خۇشاللىق ئىش بولدى. ئۇ گەرچە بىر تەرجىمە ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن خەلقىمىز ئىچىگە كەڭ تارقالغانلىقى، تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بولۇپمۇ تەرجىمانلىرىنىڭ پاساھەتلىك تىل بىلەن ئىجادىي تەرجىمە قىلىپ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكى سەۋەبلىك ئۇنى ئەدەبىيات تارىخىمىزغا مەنسۇپ مۇھىم ئەدەبىي يادىكارلىق دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. شۇڭا، بۇ ئەسەرنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش بىزنىڭ بۇ ئەسەر ھەققىدىكى تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزغىلا ئەمەس، بەلكى يەنە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بەزى ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغىمۇ پايدىلىق.

## 1. ئەسەرنىڭ مەنبەلىرى

ئەسەرنىڭ قولىمىزدىكى نۇسخىسى ئارىلاشما مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى. ئۇ مىلادىيە 6 - ئەسىردىن 18 - ئەسىرگىچە قولدىن قولغا ئۆتۈش، تىلدىن تىلغا تەرجىمە قىلىنىش ۋە ئۈزلۈكسىز ئىجادىي بېيىتىش نەتىجىسىدە ھازىرقى ھالەتكە كەلگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ مەنبەلىرىمۇ بىرقەدەر مۇرەككەپ. ئەمما،

www.uyghurkitap.com



قەدىمكى ھىندىستاننىڭ مەشھۇر مەسەل ـ چۆچەكلەر توپلىمى «بەش نامە» بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر پارس خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى ئۇنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «بەش نامە» قەدىمكى ھىندىستان خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈرلۈك ھايۋانات پېرسوناژلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان قىزىقارلىق مەسەل ـ چۆچەكلەر ئارقىلىق ئەينى دەۋر رېئاللىقىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى سىزىپ بېرىلگەن. كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئۇنى قەدىمكى ھىندى ھەكىملىرىدىن ۋىسنۇسارمان (Visnusarman) پادىشاھ ئاماراراساكتى (Amarasakti) نىڭ ئۈچ نەپەر دۆت ئوغلىنى ئەقىللىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن يازغانىكەن. قەدىمكى ھىندىستاندا بۇ كىتابنىڭ تۆت خىل نۇسخىسى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە «كەشمىر نۇسخىسى» ئەڭ قەدىمىي نۇسخا بولۇپ، مىلادىيە 6 ـ ئەسىردىن بۇرۇن كىتاب ھالىتىگە كەلگەن. 1199 ـ يىلى بۇنابخادرا (Bunabhadra) ئىسىملىك براھمان ۋەزىر سوما (soma) نىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىلگىرىكى نۇسخىلار ئاساسىدا بۇ كىتابنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى ئىشلەپ چىققان. جى شيەنلىن ئەپەندى 1959 ـ يىلى مۇشۇ نۇسخىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغانىدى. «بەش نامە» مىلادىيە 6 ـ ئەسىردىلا پارسلارغا يېتىپ بارغان. شۇ چاغدا ئىران شاھلىرىدىن خۇسرەۋ نۇشىرۋان ( 531 — 579 ـ يىللىرىغىچە تەختتە ئولتۇرغان ) نىڭ بۇيرۇقى بويىچە تېۋىپ بەرزۇيە بۇ كىتابنىڭ ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا تارقالغان نۇسخىسىنى قەدىمكى پارس تىلى — پەھلىۋى تىلىغا تەرجىمە قىلغان. فىردەۋسى «شاھنامە» نىڭ «خۇسرەۋ پەرۋىز ۋە شىرىن داستانى» دېگەن قىسمىدا تىلغا ئالغان «كەلىلە» كىتابى مۇشۇ نۇسخىنى كۆرسەتسە كېرەك. 570 ـ يىلى ئەتراپىدا سۈرىيىلىك بۇد (Bud) ئىسىملىك ئەدىب بۇ كىتابنى پەھلىۋى تىلىدىن قەدىمكى سۈرىيە تىلىغا تەرجىمە قىلغان ھەمدە كىتابنى «بەش نامە» دىكى كاراتاكا (Karataka) ۋە داماناكا (Damanaka) دېگەن ئىككى چىلبۆرە باش قەھرىماننىڭ ئىسمىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «كەلىلە ۋە دىمنە» دەپ ئاتىغان. بۇ نۇسخىنىڭ ئەينى چاغدىلا نۇرغۇن جايلىرى زايا بولۇپ كەتكەن. 750 ـ يىلى ئەتراپىدا ئەبۇل ھەسەن ئابدۇللا ئىبنى ئەلى مۇقەففا (724 — 759) بۇ كىتابنى پەھلىۋى تىلىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان. مۇقەففا تەرجىمە جەريانىدا ئىجادىي يول تۇتۇپ، بەزى يېڭى مەزمۇنلارنى قوشقان ھەمدە كىتابنى ئوخشاشلا «كەلىلە ۋە دىمنە» دەپ ئاتىغان. 1442 ـ يىلى نەسرۇللا ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلھەمىد ئەبۇل مەئالى بۇ كىتابنى مۇقەففانىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىدىن پارس تىلىغا قايتا تەرجىمە قىلغان. كېيىن مەۋلانا ھۈسەيىن (ۋائىز كاشىفى) كىتابنى ئەبۇل مەئالى نۇسخىسى ئاساسىدا پارس تىلى بىلەن قايتىدىن چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىشلەپ چىققان. بۇ نۇسخىنىڭ ئۇسلۇبى ۋە تىلى گۈزەل بولۇپ، موللا مۇھەممەد تۆمۈرنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى مۇشۇ نۇسخا ئاساسىدا ئىشلەنگەنىدى. «بەش نامە» نىڭ 6 ـ ئەسىردە تېۋىپ بەرزۇيە ئاساسلانغان سانسكرىتچە نۇسخىسى يوقىلىپ كەتكەن. بۇ ئەڭ دەسلەپكى نۇسخا بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى مەسەل ـ چۆچەكلەر سان جەھەتتىن نىسبەتەن ئاز بولۇپ، كۆپىنچىسى ھايۋانات چۆچەكلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. «كەلىلە ۋە دىمنە» نىڭ 1934 ـ يىلى قاھىرە مۇستافا مۇھەممەد نەشرىياتى نەشر قىلغان مۇقەففا نۇسخىسى ئاساسىدا ئىشلەنگەن خەنزۇچە تەرجىمىسى بىلەن «بەش نامە» نىڭ جى شيەنلىن ئەپەندى سانسكرىت تىلىدىن تەرجىمە قىلغان خەنزۇچە نۇسخىسىنى سېلىشتۇرغاندا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور پەرق بارلىقىنى كۆرىمىز. جى شيەنلىن ئاساسلانغان نۇسخا 12 ـ ئەسىردىكى تولۇقلانغان

نۇسخا بولۇپ، ئۇنىڭدا بەش غول ھېكايە ئىچىدە 78 مەسەل ـ چۆچەك بار. «كەلىلە ۋە دىمنە» نىڭ مۇقەففا نۇسخىسى ئاساسىدا ئىشلەنگەن خەنزۇچە نۇسخىسىدا 15 كىچىك ماۋزۇ ئاستىدا 42 چۆچەك بار. بۇنىڭدا «بەش نامە» نىڭ يۇقىرىقى نۇسخىسىدىكى خېلى كۆپ چۆچەكلەر ئەينەن ساقلانغاندىن سىرت، يەنە بەزى پارس چۆچەكلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن مۇقەففانىڭ تەرجىمە جەريانىدا بەزى مەسەل ـ چۆچەكلەرنى قوشقانلىقىنى بىلىش مۇمكىن. «كەلىلە ۋە دىمنە» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا 14 باب ئىچىدە 103 مەسەل ـ چۆچەك بار. بۇلارنىڭ بىر قىسمى «بەش نامە» دىكى ۋە مۇقەففانىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىدىكى چۆچەكلەر، يەنە بىر قىسمى بولسا ئەبۇل مەئالى بىلەن مەۋلانا ھۇسەيىن تەرجىمە قىلىش ۋە قايتا ئىشلەش جەريانىدا يېڭىدىن قوشقان پارس چۆچەكلىرىدۇر.

## 2. ئەبۇل ھەسەن ئابدۇللا مۇقەففا ھەققىدە

مۇقەففا 724 ـ يىلى ئەينى ۋاقىتتىكى پېرسىيىنىڭ زۇل شەھىرىدە، يەنى ھازىرقى فىرۇزئابادتا تۇغۇلغان، بالىلىق چاغلىرى پېرسىيىدە ئۆتكەن، كېيىن بەسرەگە كەلگەن. ئۇ ئاتەشپەرەس ئىدى. ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ھاياتى ئۇمەييە دەۋرى (661 غغ 750) دە باشلانغان، ئاببasiيلار ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، ئاھۋاز ۋالىيسى ئىيسا بىننى ئەلىنىڭ قولىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن ھەمدە ئىسلامغا بەيئەت قىلغان، ئۇ خەلىپە مەنسۇرنىڭ تاغىسى ئابدۇللا بىننى ئەلى ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن قۇللارنى ئازاد قىلىش ھەققىدىكى كاپالەتنامىدە كۈچلۈك ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ، مەنسۇرنىڭ غەزىپىنى قوزغىغانلىقى ئۈچۈن، مۇقەففادىن نارازى بولۇپ كېلىۋاتقان بەسرە ۋالىيسى سۇفۇيا 759 ـ يىلى ئۇنى چاقىرتىپ تېنىنى پارچىلاپ ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتكەن.

مۇقەففا 35 يىللىق ھاياتىدا ئەرەب ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مەرۋىيلەرگە سالغان زۇلۇملىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. ئۇ ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ساسانىيلارنىڭ سەلتەنىتىنى ئابباسىيلارغا بىلدۈرمەكچى ۋە مەۋجۇت تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلماقچى بولغان. ئۇ «كەلىلە ۋە دىمنە» دىن باشقا يەنە «شاھنامە» نىڭ مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى بولغان «خۇدايىنامە»، پارس ئۆرپ ـ ئادەت ۋە مەدەنىيىتى مەزمۇن قىلىنغان «ئايىننامە»، خۇسرەۋ نوشىرۋاننىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت «تاجنامە»، دانىشمەنلەر تەزكىرىسى «مازداك» قاتارلىق پارسچە ئەسەرلەرنى، ئارىستوتېلنىڭ پارسچىغا تەرجىمە قىلىنغان «كاتېگورىيە»، «ئىستىلىستىكا» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى، پورفىلىنىڭ «ئىساغۇچ» (لوگىكىغا مۇقەددىمە) دېگەن ئەسىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان، «ۋەزىرلەر ھەققىدە كىتاب»، «ئەدەپنامە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئەرەب تىلىدا يېزىپ تاماملىغان. مۇقەففا ئۆزىنىڭ مول ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئابباسىيلار دەۋرىدىكى شەرق مەدەنىيىتى ئويغىنىش ھەرىكىتىگە تېگىشلىك ھەسسە قوشۇپ، ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مەشھۇر شەخس بولۇپ قالغان. «كەلىلە ۋە دىمنە» گەرچە مۇقەففانىڭ تەرجىمە ئەسىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تەرجىمە جەريانىدا ئىجادىي يول تۇتقانلىقى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ بۇرلۇك تىللاردىكى تەرجىمىسى ۋە قايتا ئىشلەنگەن نۇسخىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئاپتور سۈپىتىدە تونۇلغان.

## 3. ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

«كەلىلە ۋە دىمنە» ئۆز سەھىپىلىرىدە شاھ دابشلىم بىلەن بىدپاي ھەكىمنىڭ سۆھبىتىنى ۋاسىتە قىلىپ تەشكىللەنگەن بىر قاتار مەسەل - چۆچەكلەر ۋە ئۇلاردا يارىتىلغان روشەن خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق كىشىلىك ھاياتتىكى بىرمۇنچە رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى پەلسەپىۋى يۈكسەكلىكتىن يارقىن ئەكس ئەتتۈرگەن.

قەدىمكى رىم مەسەلچىسى پېدرۇس: «ئېزىلگۈچى قۇللار ئۆزلىرىنىڭ ئىزھار قىلىشقا پېتىنالمىغان ھېسسىياتلىرىنى مەسەل شەكلىدە ئىزھار قىلىپ، توقۇلما لەتىپىلەر ئارقىلىق ئەيىبلىنىشتىن ساقلانغان» دېگەنىدى. «كەلىلە ۋە دىمنە» مەسەلىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە تولۇق مۇجەسسەملەشتۈرگەن ھالدا قۇلدارلىق ۋە فېئوداللىق تۈزۈم ئاستىدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاشكارا ئىزھار قىلىشقا پېتىنالمىغان ئاشۇ خىل ھېسسىياتلىرىنى ئىزھار قىلىپ بەرگەن. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە ياخشىلىقنىڭ يامانلىق ئۈستىدىن ھامان غالىپ كېلىدىغانلىقى ئەسەرنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە سىڭگەن تۈپ ئىدىيە بولۇپ، ئەسەردىكى بىر مۇقەددىمە ۋە مەخسۇس تېمىلار بويىچە ئايرىلغان 14 باب ئىچىدىكى مەزمۇن جەھەتتە ئۆزئارا باغلىنىشلىق ھەم نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە مەسەل - چۆچەكلەر بۇ تۈپ ئىدىيىنى چۆرىدىگەن ھالدا تەنقىد قىلىش بىلەن مەدھىيىلەش، ئىنكار قىلىش بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تەڭ ئېتىبار بەرگەن بولۇپ، يامانلىق، رەزىللىك، خۇنۇكلىك ۋە ئۇنىڭ رېئاللىقتىكى ئىپادىسى بولغان تەمەخورلۇق، ئىككى يۈزلىمىچىلىك، ھەسەتخورلۇق، چېقىمچىلىق، يالغانچىلىق قاتتىق تەنقىد ئاستىغا ئېلىنىپ ئىنكار قىلىنغان؛ سەمىمىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك، ئادىللىق ۋە ھەققانىيەت مەدھىيىلىنىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بۇ خىل مەزمۇن ئەسەرنىڭ 1 -، 2 - بابلىرىدا نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن ئاق كۆڭۈل كەلىلە بىلەن بەتنىيەت دىمنەدىن ئىبارەت ئىككى چىلبۆرە پېرسوناژ ھەمدە دىمنەنىڭ كەلىلە سۆزلەپ بەرگەن ئىبرەتلىك ھېكايەتلەرگە قۇلاق سالماي، نام - ئاتاق ۋە يۇقىرى مەرتىۋە ئېلىش ئۈچۈن شىر پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە بارغانلىقى، ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتى ئۈچۈن سەمىمىي، بىگۇناھ ئۆكۈزنى شىرغا چېقىشتۇرۇش يولى بىلەن ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئاخىردا ئۆزىنىڭ سۇيىقەستلىرى پاش بولۇپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت جانلىق ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. ئەسەردىكى «شاھى ئادىلنىڭ ھېكايىسى»، «تۈلكە بىلەن توشقان ۋە بۆرىنىڭ ھېكايىسى»، «قاغا بىلەن يىلان ۋە مولۇننىڭ ھېكايىسى» قاتارلىقلاردا، بولۇپمۇ «زالىم شىر بىلەن قاراقۇلاق ھېكايىسى» دە سۆزلەنگەن مېۋىلىك دەرەخنىڭ نالىسىگە قارىماي ئۇنىڭ يىلتىزىنى قىرقىغان چاشقاننىڭ يىلانغا، يىلاننىڭ كىرپىگە، كىرپىنىڭ تۈلكىگە، تۈلكىنىڭ ئىتقا، ئىتنىڭ يولۋاسقا يەم بولغانلىقى، يولۋاسنىڭ ئوۋچى ئوقىدا ئۆلگەنلىكى، ئوۋچىنى ئاتلىق كىشى ئۆلتۈرگەنلىكى، ئاتلىق كىشىنىڭ ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلگەنلىكىدەك ۋەقەلىكلەردە يۇقىرىقى مەزمۇنلار يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، ھىيلە - مىكىر، سۇيىقەست، ھەسەتخورلۇق، قارا نىيەتلىكنىڭ شۇملۇق ۋە ھالاكەتتىن باشقا ئاقىۋەت بەرمەيدىغانلىقى، باشقىلارنى ھالاك قىلىشقا ھەرىكەت قىلغۇچىلارنىڭ ھامان ئۆز ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن. ئەسەردىكى خېلى كۆپ مەسەل - چۆچەكلەردە

دوستلار ئارا ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتۈش، قىيىنچىلىق، خەۋپ - خەتەر ئالدىدا ئۆزئارا ياردەم بېرىشتىن
ئىبارەت گۈزەل ئەخلاق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھ مەدھىيىلىنىپ، زوراۋانلىق، تاجاۋۇزچىلىق پاش قى-
لىنغان. ئىتتىپاق بولۇش، ئىناق ئۆتۈش ئىنساندىكى گۈزەل ئەخلاق، شۇنداقلا ئەدەبىياتتىكى ئۆلمەس
تېمىلارنىڭ بىرى. ئەسەردە بۇ تېما تۈرلۈك هايۋانات ئوبرازلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق
جانلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن. مەسىلەن، «قاغا بىلەن چاشقان ۋە كەپتەرنىڭ ھېكايىسى» دە بىر توپ كەپ-
تەر ئوۋچىنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ قالغاندا، بىر قېرى كەپتەرنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ھەممە كەپ-
تەرلەر ئورتاق مەقسەتتە بىر نىشانغا قاراپ تۇزاقنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ كېتىدۇ، كېيىن چاشقاننىڭ
تۇزاق يىپلىرىنى ئۈزۈۋېتىشى بىلەن كەپتەرلەر خەتەردىن قۇتۇلىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان قاغا
چاشقان بىلەن دوست بولىدۇ. ئاخىردا چاشقان، قاغا، تاشپاقا، كېيىك ۋە كەپتەرلەر ئۆزئارا دوست بو-
لۇپ، جاپا - مۇشەققەت ۋە ھالاۋەتتە بىر - بىرىگە سادىق دوست بولۇپ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك دۈشمەنلى-
رىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق تېما قىلىنغان چۆچەكلەردە يەنە زۇلۇم ۋە خورلۇققا
ئۇچرىغان ئاجىزلارنىڭ زىچ ھەمكارلىشىپ، ئەزگۈچى زوراۋانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى، ھەر-
قانداق زوراۋانلىقنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىق ئاستىدا ھامان بەربات بولىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

«كەلىلە ۋە دىمنە» دىكى مەسەل - چۆچەكلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بولغان قەدىمكى ھىندىستاندا
قۇلدارلىق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەر شەكىللەنگەندىن كېيىنكى بىرقانچە مىڭ يىلغىچە قاتتىق دەرىجە تۈزۈ-
مى داۋام قىلغان بولۇپ، ئاتالمىش يۇقىرى دەرىجىلىك كىشىلەر ھېسابلانغان ھۆكۈمرانلار تۆۋەن دەرد-
جىلىك كىشىلەر ھېسابلانغان كەڭ جىسمانىي ئەمگەكچىلەرنى خالىغانچە ئېزەتتى ۋە ئۆلتۈرەتتى.
خەلقنىڭ قىلچە قارشىلىق كۆرسىتىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئۇلار بۇنداق تەڭسىزلىككە تۈرلۈك چار-
لەر بىلەن قارشىلىق كۆرسەتسىمۇ، تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئوڭۇشسىزلىققا
ئۇچرايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار كۈرەشنى توختاتمايتتى ھەمدە گۈزەل كېلەچەككە تەلپۈنەتتى. ئەسەردە
ئەمگەكچى خەلقنىڭ بۇ خىل كۈرەشلىرى ۋە ئارزۇلىرى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن، «قاغا
بىلەن يىلاننىڭ ھېكايىسى» دە بىر قاغا چاڭگىدىكى بالىلىرىغا ئارام بەرمەيۋاتقان يىلاننى بىر ئايالنىڭ
يىلاننى ئۆلتۈرۈشتىكى ئەپچىل چارىسى بىلەن يوقاتقانلىقى يېزىلغان. «قۇشقاچ بىلەن قۇرغۇيىنىڭ ھې-
كايىسى»، «قۇشقاچ بىلەن يىلاننىڭ ھېكايىسى»، «بىر جۈپ تەيتۇردى ۋە دەريا ۋەكىلىنىڭ ھېكايىسى»
قاتارلىقلاردا بۇ خىل ئىدىيە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. بۇ خىل مەزمۇندىكى چۆچەكلەردە يەنە
كۈرەش قىلىشقا جۈرئەتلىك ۋە ماھىر بولۇش ئىدىيىسى ئالغا سۈرۈلگەن. مەسىلەن، «شىر بىلەن توش-
قاننىڭ ھېكايىسى» دە بىر زالىم شىرنىڭ ھەر كۈنى نۆۋەت بىلەن بىردىن جانىۋارنى يەيدىغانلىقى، نۆ-
ۋەت توشقانغا كەلگەندە، توشقان جۈرئەتلىك بولۇپ، ئەقىل ئىشلىتىپ، شىرنى قۇدۇق بېشىغا باشلاپ
كەلگەنلىكى، شىر قۇدۇق ئىچىدە ئۆزىنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن قۇ-
دۇققا سەكرەپ ئۆلگەنلىكى ھېكايە قىلىنغان.

باشقىلارنىڭ رىزقىغا چاڭگال سېلىش فېئودال زوراۋانلارنىڭ نومۇسسىز قىلمىشلىرىدىن بىرى
بولۇپ، ئۇلار ئۆز ھالاۋىتى ئۈچۈن ئەمگەكچى خەلققە ئېغىر كۈلپەتلەرنى كەلتۈرەتتى. ئەمگەكچى خەلق-
نىڭ زوراۋانلاردىن قۇتۇلۇش ئارزۇسى ۋە تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھامان مەغلۇپ بولىدىغانلىقى ئەسەرنىڭ
«ھۇۋقۇشلار بىلەن قاغىلارنىڭ ھېكايىسى»، «مايمۇنلار بىلەن ئېيىقلارنىڭ ھېكايىسى» سەھىپىلىرىدىكى

ھۆۋقۇش، ئېيىق، پىل قاتارلىق زوراۋانلارنىڭ شەرمەندە ئاقىۋەتلىرى ھەمدە «مايمۇن بىلەن توڭگۇزنىڭ ھېكايىسى» دىكى ئۇۋچىدىن ئۈركۈپ قېچىپ كەلگەن بىر توڭگۇزنىڭ مايمۇننىڭ زېمىنىغا ئۇسۇپ كىرگەنلىكى، مايمۇن ئىلاجسىز ئۇنى قارشى ئېلىپ، ئۆزى يېيىش ئۈچۈن ساقلاپ قويغان ئەنجۈرلەردىن ئازراق بەرگەنلىكى، توڭگۇز قانائەت قىلماي ھەممە ئەنجۈرنى يەپ تۈگىتىۋېتىش ئۈچۈن ئەنجۈر دەرىخىگە چىققاندا يىقىلىپ چۈشۈپ، رەسۋالارچە ئۆلگەنلىكىدەك ۋەقەلىك ئارقىلىق جانلىق بايان قىلىنغان.

ئەسەردىكى يەنە بىر قىسىم مەسەل ـ چۆچەكلەردە تەنقىدنىڭ تىغ ئۇچى ئەينى جەمئىيەتتىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىگە قارىتىلغان. مەسىلەن، «يىلان بىلەن پاقىنىڭ ھېكايىسى» دە پاقىلار پادىشاھىنىڭ ھەر كۈنى ئىككى پاقىنى بىر زەھەرلىك يىلانغا يەم قىلىپ بېرىش بەدىلىگە ئۆزى يىلانغا مىنىپ ھۇزۇرلىنىدىغانلىقى يېزىلىپ، باشقىلارنىڭ ھاياتى بەدىلىگە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سۈرىدىغان، كىچىككىنە ئابرۇيي ئۈچۈن باشقىلارنىڭ جېنىنى ساتىدىغان نومۇسسىزلار قاتتىق قامچىلانغان بولسا، «كەكلىك، چىل ۋە مۈشۈكنىڭ ھېكايىسى» دە بىر ئۆۋۈنى تالىشىپ ئازارلىشىپ قالغان كەكلىك بىلەن چىلنىڭ كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى ئىبادەت قىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋالغان، ھېچقانداق جانىۋارنى يېمەسلىككە قەسەم ئىچكەن بىر مۈشۈككە دەۋا ئېيتىپ كەلگەنلىكى، مۈشۈك دەۋانى سوراش ئۇياقتا تۇرسۇن ئۆز تەبىئىتىنى ئاشكارىلاپ، ياغلىما گەپلەر بىلەن ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇپ بىراقلا يەۋەتكەنلىكى ئارقىلىق ئادەمگەرچىلىك، دىيانەت تونىغا ئورىنىۋالغان ھىيلىگەر، ئىككى يۈزلىمچى قەسەمخورلارنىڭ كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ موھتاجلىقىدىن پايدىلىنىپ، زىيانكەشلىك قىلىدىغان رەزىل ماھىيىتى ئېچىپ تاشلانغان ھەمدە ئەزەلدىن نىيىتى يامان بولغانلارغا ئىشىنىشنىڭ زىيىنى، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ئۆزئارا ئازارلىشىشنىڭ زوراۋانلارنىڭ تېخىمۇ ئېغىر زىيانكەشلىك قىلىشى ئۈچۈن دەستەك بولۇپ بېرىدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

ئەسەردە يۇقىرىسى يادرولۇق مەزمۇنلاردىن باشقا يەنە راست سۆزلۈك بولۇش، توغرا يول تۇتۇش، دوستلۇقتا سادىق بولۇش، ھالال ياشاش، ئولجىغا قارا سانىماسلىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، ياخشىلىقتا يامانلىق قىلىدىغان ياۋۇز تەبىئەتلىكلەردىن ھەزەر ئەيلەش، ھازىرچە ياخشىلىق قىلغانلارنىڭ كېيىن ئازار بېرىشىدىن ساقلىنىش، بىلىمسىز، نادانلار بىلەن ھەمسۆھبەت ۋە ئۈلپەت بولماسلىق قاتارلىق مەزمۇنلارمۇ قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن. ئەسەردىكى:

شىر زەنجىردە باغلاقلىقتۇر، تۈلكە يۈرگەي بوش بىكار،
ئەيش ـ ئىشرەت بىرلە سەھرا قوينىدا ئەيلەپ شىكار.
زېرەك ئادەم ئۆز ئۆيىدە غەم بىلەن مەشغۇل، لېكىن،
يۈرەر غاپىل سەيرى ئەيلەپ نەگە بارسا ئىختىيار.

دېگەن مىسرالاردا جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىك ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان.

«كەلىلە ۋە دىمنە» دە گەرچە يۇقىرىقىدەك بىر قاتار خەلقچىللىق، دېموكراتىك ئىدىيە بىلەن يۇغۇرۇلغان ئىلغار مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن مەنتىقىي جەھەتتىن ئەسەرنىڭ تۈپ خاھـ

شىغا زىت بەزى پاسسىپ تەركىبلەرمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن:

بەختى ئىقبال يۇلتۇزى ساڭا قاراپ تۇغقان كۈنى،
بولسا ھەرنە مەقسىتىڭ ئىلكىڭگە كەلگەي ئۇ ئۇدۇل.
تەلىيىڭ قىلماي مەدەت تەتۇر قاراپ تۇرغان كۈنى،
كۆلگە بارساڭ كۆل سۈيى قۇرۇپ شۇئان بولغۇسى چۆل.

دېگەن مىسرالاردا تەقدىرچىلىك ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن بولسا، «رۇم شاھزادىسىنىڭ ھېكايىسى» دە شاھزادىنىڭ كېلىشكەن قامىتىنى خوتۇنلارغا كۆز - كۆز قىلىپ، ھېچقانداق ئەجىر قىلمايلا نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشىپ، ئاخىردا باشقا بىر ئەلگە پادىشاھ بولغانلىقى يېزىلىپ، ئەمگەك ۋە ھۈنەر - كەسىپ كەمسىتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «قاغا بىلەن چاشقان ۋە كەپتەرلەرنىڭ ھېكايىسى» دە بۇ ھېكايىنىڭ ئەسلىي خاھىشىغا زىت ھالدا چاشقاننىڭ ئۆز ئۇۋىسىدا مىڭ دىنار پۇلنى بېسىپ ياتقان چاغدا زاھىتنىڭ داستىخىنىدىكى يېمەكلىكلەرنى ئوغرىلاشقا مادارى يەتكەنلىكى، زاھىت مىڭ دىنارنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، چاشقاننىڭ ياۋاش ۋە ئاجىز بولۇپ قالغانلىقى ھەمدە بۇ ۋەقەنىڭ تۈگەللىمىسى بولغان «ھەركىمنىڭ پۇلى ئاز بولسا قەدرى خار بولىدۇ» دېگەن سۆز ئارقىلىق پۇلغا چوقۇنۇش ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن. بۇلارغا تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئەسەر بەدىئىيلىك جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ياراتقان. مۇۋاپپەقىيەتلىك يارىتىلغان جانلىق پېرسوناژلار ئوبرازى ئەسەردە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ پېرسوناژلار گەرچە تۈرلۈك ھايۋانلار بولسىمۇ، لېكىن جانلاندۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇلارغا ئىنسانغا خاس تىل ۋە تۇيغۇ بېرىلگەن. تىپىكلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ مىجەز - خۇلقى، سۆز - ھەرىكەتلىرى ئۇلار ئۈستىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن. ئەسەردىكى ھەر بىر ھايۋانغا ئۇنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىگە ماس خاراكتېر بېرىلگەن بولۇپ، روشەن سىمۋوللۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. مەزمۇننى ئەركىن ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئەسەردە تۈرلۈك ژانىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى گىرەلەشتۈرۈلۈپ قوللىنىلغان. ئەسەر ئۆزىدىكى سۈژېت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرى بويىچە سىستېمىلىق تەشكىللەنگەن ۋەقەلىكلەر، ئىنچىكە سۈرەتلەنگەن تىپىك مۇھىت ئىچىدىكى تىپىك پېرسوناژلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى ھەققىدىكى تەسۋىرلەر بىلەن كۆز ئالدىمىزدا زور ھەجىملىك رومان سۈپىتىدە گەۋدىلەنسە، پېرسوناژلار ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئورۇننىڭ كونكرېت، ئىخچاملىقى، بىرقانچە ھېكايىدە تۇتاش رول ئېلىۋاتقان پېرسوناژلار، ئۇلارنىڭ روشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە دىئالوگلىرى، پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر دراماتىك توقۇنۇش ئارقىلىق كۆپ پەردىلىك سەھنە ئەسىرى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. قۇرۇلما جەھەتتە ئەسەردە شاخلىتىپ بايان قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، نۇرغۇن ئۇششاق ھېكايىلەر ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلغان ھالدا بىر پۈتۈن ھېكايىلەر سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەسەردە يەنە ۋەقەلىكنىڭ ئەڭ جىددىي، ئەڭ كۆركەم جايلىرىنى ھەمدە بۇ ئاساستا پەيدا بولغان قايناق ھېسسىياتنى بايان قىلىشتا نەسرىي تىل ئاجىزلىق قىلغاندا، شېئىرىي تىل قوللىنىلغان بولۇپ، يۇقىرى ماھارەت بىلەن يېزىلغان بۇ شېئىرلارمۇ كىشىگە يېقىملىق ئىستې-

تىك تەسىرات بېرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئوبرازلىق، گۈزەل تىل بىلەن جايىدا قوللىنىلغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرمۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

## 4. ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە تەسىرى

«كەلىلە ۋە دېمنە» قەدىمكى ھىندى، پارس جەمئىيىتىدە دۆلەت دەستۇرى سۈپىتىدە ئەتىۋارلانغان. تېۋىپ بەرزۆيەنىڭ شاھ ئەمرى بويىچە بۇ كىتابنى ئىزدەپ ھىندىستانغا قىلغان سەپىرى ۋە فىردەۋسى «شاھنامە» دە تەسۋىرلىگەن شاھزادە شىروينىڭ بۇ كىتابنى ئۆز يېنىدا ساقلىغانلىقى قاتارلىق مەلۇماتلار بۇ پىكرىمىزنى دەلىللەيدۇ. ئەمما، ئەسەرنىڭ ئەڭ مۇھىم قىممىتى ئۇنىڭ خەلقنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى نامايان قىلىپ، كىشىلەرگە ھايات ھەقىقەتلىرىنى ئۆگەتكەنلىكىدە ۋە بىزگە قەدىمكى كىشىلەرنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدىكى غايىۋى گۈزەل كېلەچەككە بولغان تەلپۈنۈشلىرىنى تونۇتۇپ بەرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ.

ئەسەر دۇنيادىكى بىرمۇنچە مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ۋە يازما ئىجادىيىتىگە خېلى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بىز ھازىر «مىڭ بىر كېچە» دىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە بوككاچچونىڭ «ئون كۈنلۈك سۆھبەت»، چوسېرنىڭ «كېنتېربېرى ھېكايىلىرى»، لافونتېيىننىڭ «شېئىرىي مەسەللەر»، فىرانسىيە داستانى «تۈلكە رېنات» قاتارلىقلاردىنمۇ ئۇنىڭ تەسىرىنى كۆرەلەيمىز. مۇقەففانىڭ ئەرەبچە نۇسخىسى 11 – ئەسىردە سىيمون تەرىپىدىن گرېك تىلىغا، 12 – ئەسىردە روبى جوئېل تەرىپىدىن ئىبراي تىلىغا، 1251 – يىلى ئىسپان تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. 1583 – يىلىغىچە بۇ ئۈچ نۇسخا يەنە ئىتالىيان، نېمىس، سلاۋيان، لاتىن، دانىيە، ئىسلاندىيە، گوللاندىيە، فىرانسۇز، ئېنگلىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. مەۋلانا ھۈسەيىننىڭ پارسچە نۇسخىسى شەرقتە تۈرك، گروزىن، ھىندى ۋە ئۇيغۇر تىللىرىغا، ياۋروپادا 1644 – يىلى فىرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىك مىللەتلىرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى بۇ ئەسەرنىڭ خېلى چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان. تاجىكلارنىڭ «شىر بىلەن ئۆكۈز»، قىرغىزلارنىڭ «قۇشقاچ بىلەن يىلان»، «تۆت دوست» قاتارلىق مەسەللىرى «كەلىلە ۋە دېمنە» نى مەنبە قىلغان. ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىگە بولغان تەسىرى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ، خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ھەمدە توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن بەزى مەسەللىرىمىزنىڭ ئەسەردىكى بىر قىسىم مەسەللەر بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، «شىر بىلەن توشقاننىڭ ھېكايىسى» بىلەن «يولۋاس بىلەن توشقان»، «تاشپاقا بىلەن چاياننىڭ ھېكايىسى» بىلەن «پاقا بىلەن چايان»، «تاشپاقا بىلەن ئۆردەكلەرنىڭ ھېكايىسى» بىلەن «ماختانچاق پاقا»، «قاغا بىلەن چاشقان ۋە كەپتەرلەرنىڭ ھېكايىسى» بىلەن «كەكلىكلەر»، «كەكلىك، چىل ۋە مۈشۈكنىڭ ھېكايىسى» بىلەن «ھاجى مۈشۈك»، «ئېيىقلار بىلەن مايمۇنلارنىڭ ھېكايىسى» بىلەن «مايمۇنلار بىلەن ئېيىقلار»، «ئۆز ئەسلىگە ئايلانغان چاشقاننىڭ ھېكايىسى» بىلەن «تەكەببۇر مەلىكە»، «خىيالپەرەس تەقۋادارنىڭ ھېكايىسى» بىلەن «ھاماقەتنىڭ خىيالى»، «پادىشاھ بىلەن قارچىغىنىڭ ھېكايىسى» بىلەن «ۋاپادار قۇش»، «ئوۋچى بىلەن تالىپلار ھېكايىسى» بىلەن «ئەركەكمۇ، ئورغاچىمۇ»، «چاشقان بىلەن پاقىنىڭ ھېكايىسى» بىلەن «پاقا

بىلەن چاشقان»، «دىۋرامچى قاغىنىڭ ھېكايىسى» بىلەن «شاتۇتى بىلەن بۇلبۇل»، «ئەخمەق ئوقانىڭ ھېكايىسى» بىلەن «تۆمۈر يەيدىغان چاشقان» (ھەربىر جۈپ مەسەلنىڭ باشتىكىسى «كەلىلە ۋە دىمنە» دىكى مەسەل، ئاخىرىدىكىسى ئۇيغۇر خەلق مەسەلى) قاتارلىق 14 جۈپ مەسەل قىسمەن پەرقلەردىن سىرت ۋەقەلىك، پېرسوناژ، باش تېما جەھەتلەردىن ئوخشاشلىققا ئىگە. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى بىۋاستە «كەلىلە ۋە دىمنە» نى مەنبە قىلغان. لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەر ئۆزىنى قوبۇل قىلغۇچى مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىغا يېتىپ بارغاندا، شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تاللىشى، قايتا پىششىقلاپ ئىشلىشى قاتارلىق جەريانلارنى باشتىن كەچۈرىدۇ. قوبۇل قىلغۇچى مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىمۇ سىرتتىن كەلگەن تەسىرگە قارىتا پائالىيەتچانلىق بىلەن ئىنكاس قايتۇرىدۇ، ئۇنى ئۆزىدە ئىلگىرى بار بولغان ئالاھىدىلىكلەر بىلەن قايتا يۇغۇرۇپ، سىرتتىن كەلگەندىلىكى بىلىنمىگۇدەك دەرىجىدىكى يېڭى نەرسە قىلىپ چىقىدۇ. يۇقىرىقى مەسەللىرىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ مەنبەسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

ئومۇمەن، «كەلىلە ۋە دىمنە» پەلسەپىۋىلىككە باي مەزمۇنى، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ۋە تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن نادىر مەسەل ـ چۆچەكلەر خەزىنىسى بولۇشقا مۇناسىپ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:
1. «كەلىلە ۋە دىمنە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1984 ـ يىلىدىكى ئۇيغۇرچە نەشرى ۋە خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1959 ـ يىلىدىكى خەنزۇچە نەشرى؛
2. «بەش نامە»، خەلق ئەدەبىيات نەشرىياتى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە؛
3. خەننا فاخۇرى [لىۋان] : «ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخى»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە.

(ئاپتور قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىدا)

* * *





# قەدىمكى ئانىلىرىمىزدا گۈزەللىك قارىشى

ئابلىز مۇهەممەت سايرامى

مەلۇمكى، دىيارىمىز ــ قەدىمكى غەربىي يۇرت مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۇركۇملىرىنىڭ مۇهىم مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىدىن بىرى. بۇ خاسىيەتلىك زېمىن ئاسىيا قىتئەسىنىڭ دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن يىراق بولغان ئوتتۇرا بەلۋېغىغا جايلاشقان. ئەتراپى ئاسىيادىكى ئەزىم تاغلار ــ ئالتاي، تەڭرىتاغ، پامىر، قۇرۇم ـ قاراقۇرۇم، ئالتۇن تاغلىرى بىلەن ئورالغان، باغرىنى هارارەتلىك تەكلىماكان چۆللۈكى كۆيدۈرۈپ تۇرىدىغان هازىرقى شىنجاڭ رايونى نەچچە ئون مىڭ يىللىق ئىپتىدائىي هايات مېلودىيىسى بىلەن تارىخقا كىرىپ كەلگەن. غەربىي يۇرت ئاهالىسىنىڭ يىراق ئەجدادلىرى بۇ جايدا ئۇزاق داۋام قىلغان ياۋايىلىق، ۋارۋارلىق، توپ پادىلىق ۋە ساددا ـ نادانلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، كونا ـ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە خاس ئىپتىدائىي گۈزەللىك قارىشى تارىخىنى بېسىپ ئۆتۈپ، برونزا (كۆك مىس) قوراللىرى دەۋرىگە كەلگەندە، خېلى مۇستەهكەم ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلانغان بىر قاتار گۈزەللىك قاراشلىرىنى يېتىلدۈرگەن.

دىيارىمىزدىكى سان ـ ساناقسىز قىيا تاش رەسىملىرى، يۈزلەرچە ئىپتىدائىي قەبرە ـ يادىكارلىق ۋە قەدىمكى شەهەر ـ قەلئە خارابىلىرىدىن تېپىلغان ئوبرازلىق يادىكارلىقلارغا قارىغاندا، كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرى ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ باشلىرىدا ئانىلىرىمىز تۇرمۇشىدا گۈزەللىك قاراشلىرى بىخلىنىپ چىقىپ كۈنسايىن راۋاجلىنىپ بارغانلىقى ئىسپاتلانماقتا. روشەنكى، دىيارىمىزدا ياشىغان ئىپتىدائىي ئەجدادلار ئۆز پائالىيەتلىرىنىڭ تارىخىنى تاكى يېزىق ئىختىرا قىلىنغۇچە بولغان تولىمۇ ئۇزاق ۋارۋارلىق، ياۋايىلىق، نادانلىق دەۋرلىرىدە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە سەنئەت ۋاستىلىرى بىلەن كونا ـ يېڭى تاش قورال دەۋرى، برونزا قوراللىرى دەۋرىدىكى يادىكارلىقلىرىغا سىزىپ ۋە «يېزىپ» قالدۇرغان. يىراق ئۆتمۈشنىڭ هەر-

قايسى باسقۇچلىرىغا خاس بولغان، ھازىرقى كىشىلىرىمىز ئۇچۇن تېخى سىرلىق ياكى يېرىم سىرلىق كۆرۈنگەن بۇ ئىزنا ـ يادىكارلىقلار ئىپادىلىگەن مەزمۇنى، ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى ۋە ئىپادىلىگەن دائىرىسى جەھەتتىن ئەجدادلار تارىخىنىڭ، جۈملىدىن روھىيەت، تەپەككۇر ۋە گۈزەللىك قارىشى جەھەتتىكى تامغا، ئەنداز، بەلگە ـ ئالامەتلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئۈچۈرلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئانا دىيارىمىز قەدىمكى غەربىي يۇرتتەك بۇ سىرلىق كەڭ زېمىن كۆكسىدىكى ئىپتىدائىي تۇرمۇشنىڭ تەسۋىرىي يالدامىسى بىزگە تېخى ئۇزنىڭ روشەن ۋە مۇكەممەل قىياپىتىنى ئاشكارىلىغىنى يوق. ئۇنىڭ بىر قىسمى تارىخ ئۇچقۇنلىرىدا مەڭگۈلۈك يوقالغان. شۇنداقتىمۇ 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلانغان، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر داۋامىدا بايقالغان يادىكارلىقلار بۇ كەڭ زېمىن كۆكسىدىكى ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھايات پائالىيىتىنىڭ بىرقەدەر ئومۇمىي مەنزىرىسىنى قىياس قىلىشقا ئىمكانىيەت ياراتتى. بىز دوندۇبۇلاقتىكى 15 ـ 20 مىڭ يىللىق قىيا تاش رەسىملىرىدىن[1]، 15 ـ 20 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە تامغالىقتاش ئۆڭكۈرى[2]، ئاقتاش ئۆڭكۈرى[3]، ھاكتاش ئۆڭكۈرى[4] ۋە دولات جىلغىسى ئۆڭكۈرلىرى قاتارلىق ئىپتىدائىي ھايات ئۇزاق داۋام ئەتكەن تەبىئىي ئۆڭكۈر رەڭلىك سىزمىلىرىدىكى ئانا (ئايال) جىنسقا تېۋىنىش، ئاننى ئۇلۇغلاشقا دائىر مەزمۇنلاردىن، ئالتاي، تەڭرىتاغ، ئالتۇنتاغ قىيالىرىغا چېكىلگەن 3 ـ 8 مىڭ يىللىق[5] سان ـ ساناقسىز قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئانىلار ئوبرازى ۋە ھەرخىل تامغا، ئەنداز، بەلگە ـ ئالامەتلەردىن، تۇرپاندىكى ئاستانە، ئۈرۈمچىدىكى سەيشۈيپۇ، لوپنۇردىكى سىڭىر، لوپنۇر كۆلى ئەتراپى، كونا شەھەردىكى ئوپال، قۇمۇلدىكى سەنداۋلىڭ، تۇرپاندىكى يارغول، توقسۇندىكى ھۆممەبۇلاق، پىچاندىكى قىزىلچوقا، ياڭخې ئاسقىلىق، ئاقتېرەك، موردىكى ئېرقاباق، ئالتايدىكى شىمىرشىبەك، چاقىلىقتىكى ئالتۇنتاغ، چەرچەندىكى جاڭگالساي، نىيە دەريا ئەتراپى، گۇمىدىكى كىلياڭ، كېرىيىدىكى باشقا نىسۇرا، كەلپىندىكى سارغان، مارالبېشىدىكى ئاقدالا، كۇچادىكى قارادۆڭ قاتارلىق يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ 4 ـ 6 مىڭ يىللىق[6] قەدىمكى ئىز ـ خارابىلەردىن تېپىلغان تاش، سۆڭەك مارجانلار ۋە باشقا زىننەت بۇيۇملىرىدىن، 3 ـ 4 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە لوپنۇردىكى گۈمۈگو قەدىمكى قەبرىستانلىقى، كروران گۈزىلى قەبرىستانلىقى، زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقى، خوتەندىكى نىيا قەبرىستانلىقى، پىچاندىكى سۇبېشى قەبرىستانلىقى، بايدىكى قىزىل قەبرىستانلىقى، خېجىڭدىكى چابچا، بۇگۇردىكى چۇمپاق، قۇمۇلدىكى يانبۇلاق، قارادۆڭ، لاپچۇق، ئەسكىشەھەر، خەنچىگو قەبرىستانلىقلىرى قاتارلىق يۈزلەرچە ئىپتىدائىي قەبرىستانلىقتا ياتقان كروران گۈزىلىگە ئوخشاش نازاكەتلىك، ساھىبجامال ئانىلىرىمىزنىڭ دەپنە قىلىنىش رەسمىيەتلىرىدىن، بەدەنلىرىگىچە ھەرخىل گۈل ـ نەقىشلەر چېكىشلىرىدىن، يۈز ۋە كالپۇكلىرىنى قىزىل بوياقتا بويىشلىرىدىن، ئانىلار جەسىتى بىلەن ئاخىرەتلىك بۇيۇم سۈپىتىدە كۆمۈلگەن تاش قاش قەلەم، تاش بوياق، سۆڭەكتىن ياسالغان سۈزگۈ ـ تاغاق، مىستىن ياسالغان ھالقا، بىلەزۈك، ئۈزۈك، مېدالىئون، زېرە، ئۈپا ـ ئەڭلىك ۋە گىرىم بۇيۇملىرى خالتىسى قاتارلىق ھەر خىل بېزەك بۇيۇملار، سېھىرلىك كۈچ دەپ تونۇلغان ئەڭ ئىپتىدائىي تىلتۇمار ۋە تۈرلۈك زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى

---

① ۋاڭ بو، جىلڭ جيې: «ئالتاي تېغى دوندۇبۇلاقتىكى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە خاس قىيا تاش رەسىملىرى»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 2005 ـ يىللىق 1 ـ سان، 120 ـ 122 ـ بەتلەر.

②③④⑤ سۈبخەي: «شىنجاڭ قىيا تاش رەسىملىرى»، 1994 ـ يىلى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، خەنزۇچە، 409 ـ بەت.

⑥ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە، 2002 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ قوشما سان، 6 ـ، 7 ـ بەتلەر.

قاتارلىق نەق ماددىي يادىكارلىقلىرىدىن ئانىلىرىمىزنىڭ ناھايىتى يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا
گۈزەللىككە ئىنتىلگەنلىكىنى، ئۆزىنى زىبۇ زىننەت ۋە گىرىم بۇيۇملىرى بىلەن بېزەپ چىرايلىق يا-
سىنىشقا ئادەتلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ماددىي يادىكارلىق مەنبەلىرى گەرچە ئەينى زاماندىكى ئېتنىك مە-
دەنىيىتىمىزنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئەينى زاماندىكى ئەجدادلار ئېتنىك
مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە تەرىپىنى، ھېچبولمىغاندا تۇرمۇش، ئېتىقاد، ئالەم قارىشى، گۈزەللىك، ئېستې-
تىك، روھىيەت قاراشلىرىنى بىزگە يەتكۈزۈشتە ھەرقانداق يازما مەنبەگە قارىغاندا، مىسلىسىز رەڭدار
ۋە كونكرېت ئەۋزەللىكىنى ساقلىغان تارىخنامىدۇر. قەدىمكى ئەجدادلار تۇرمۇشىنىڭ بۇنداق بىۋاستە،
بىرىنچى قول، ئەينەن، ئەمەلىي ۋە كونكرېت، نەق ماددىي يادىكارلىقلىرى ھەرقانداق تارىخچىنىڭ، بو-
لۇپمۇ ئۆتكەن دەۋرلەردىكى ئوردا ـ قەسىر تارىخچىلىرىنىڭ ھەرپ بىلەن يازغان تارىخنامىلىرىگە قا-
رىغاندا، چىن، ئەينەن، ھەقىقىي ۋە ئەينى پېتى ساقلانغان تارىخنامە ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، گۈزەللىككە ئىنتىلىش ۋە گۈزەللىك يارىتىش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇ-
سۇسىيەتلىرىدىن بىرى. گۈزەللىك قارىشى ئىنساننىڭ ئېستېتىك تەپەككۇرى ۋە ئېستېتىك ئېڭى بە-
لەن بىللە قەدىمكى زامانلاردا پەيدا بولغان. گۈزەللىكنى پەرق ئېتىش، گۈزەللىككە مايىللىق، گۈ-
زەللىكتىن ھۇزۇرلىنىش ۋە گۈزەللىككە تەقلىد قىلىش، گۈزەللىك قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئىجادىيەت
بىلەن شۇغۇللىنىش ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەمگىكى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا يىراق قەدىمكى
زامانلاردا مەيدانغا كەلگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەمگىكى، تۇنجى تاش
قورال ياسىشى، تۇنجى نۇتقى ۋە تۇنجى تەپەككۇرىدىن باشلاپلا رېئال گۈزەللىكنى ھېس قىلغان ھەم شۇ
ئاساستا ئېستېتىك تۇيغۇ قوزغاتقۇچى گۈزەللىك ھادىسىلىرى بىلەن زىچ ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن.
جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشى گۈزەللىكنى بىلىش ۋە گۈزەللىك
يارىتىش پائالىيىتى جەريانلىرىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغان ئەمەس.

گۈزەللىك ــ ئىنساننى تولىمۇ مەپتۇن قىلىدىغان شەيئى. ئىنسان ئۆز تەسەۋۋۇرىدا، خىيال ـ
ئارزۇسىدا، رېئال تۇرمۇشىدا ئۆزىنى جەلپ قىلىدىغان ھەرقانداق ئىبارىدىن كۆرە، «گۈزەللىك» ئىبا-
رىسىگە تولىمۇ ھېرىسمەن ۋە مەھلىيا. ھىندىستاننىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى تاگور گۈزەللىك توغرى-
سىدا: «گۈزەللىك تۇيغۇسىنى سىڭدۈرمەي تۇرۇپ، ئىنساننى كامالەتكە يەتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس» دەپ
ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

گۈزەللىككە ئىنتىلىش ــ ئىنسان تەبىئىيتىنىڭ ئىپادىسى. چۈنكى، ياسىنىش ياكى گۈزەللىك
ئادىتى ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى تۇنجى ئەمگىكى جەريانىدا يېتىلگەن ئىپتىدائىي تە-
پەككۇرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا قايتا ھاسىل بولغان گۈزەللىك تۇيغۇسى-
نىڭ مەھسۇلى. ئىنساننىڭ پۈتۈن پائالىيىتى گۈزەللىك تۇيغۇسىدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئىنسان
تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرىپىگە ھامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش
بارلىق مىللەتكە ئورتاق ھالەت. ئەمما، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئايرىم بولۇشى ۋە تەرەققىياتى ئوخ-
شاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ گۈزەللىك قارىشى ۋە ياسىنىش ئادەتلىرىدىمۇ پەرقلەر مەۋجۇت. بىز
كروران گۈزىلىگە ئوخشاش قەدىمكى ئانىلىرىمىزنىڭ ياسىنىش، كىيىنىش ئادەتلىرىگە نەزەر سالغى-
نىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە، ئېتنىك مىللىي پۇراققا ئىگە ئەنئەنىلىرىنىڭ ناھايىتى

قەدىمدىن مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلالايمىز.

يەنە ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يادىكارلىقلىرىدىن بولغان «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئاسماندىن چۈشكەن كۆك نۇردىن تۆرەلگەن قىزنىڭ تەسۋىرى مۇنداق بېرىلگەن : «ئۇ بەكمۇ چىرايلىق بىر قىز ئىدى، ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىن كۆكرەك، چېچى خۇددى دەريا سۇيىدەك، چىشلىرى ئۈنچىدەك ئىدى. ئۇ شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، كىشىلەر ئۇنى كۆرسە، ئاھ، دەپلا قالاتتى». يۇقىرىقى بايانلار بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمكى نازاكەتلىك، ساھىبجامال ئانىلىرىمىزنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن ئەڭ قەدىمكى يازما يادىكارلىق نەمۇنىلىرىدىن بىرى.

قىز - ئايallar ئوبرازىنىڭ شۇنچىلىك ساھىبجامال تەسۋىرلىنىشى ئەينى ۋاقىتتا ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمىنىڭ خېلىلا يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى، يەنى ئىلگىرى گۈزەللىكنى تەبىئەتتىن ئىزدىگەن بولسا، ئەمدىلىكتە گۈزەللىكنى ئۆزلىرىدىن، بولۇپمۇ ئاياللاردىن تېپىشقا باشلىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. تارىختىن بۇيان نازاكەتلىك، ساھىبجامال ئانىلىرىمىز، جۈملىدىن ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرى ياسىنىشقا، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار گۈزەللىككە ئېتىبارسىز قاراش — ھاياتنى مەڭگۈ خورلۇق ۋە نومۇس ياشلىرى ئىچىدە ئۆتكۈزۈش، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىبارسىز نەرسىلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىشقا سەۋەبچى بولىدۇ، دەپ قارىغان①.

ساھىبجامال ئانىلىرىمىز بولغان قەدىمكى زامان ئاياللىرى گۈزەللىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئۇلار كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىغا ئېتىبار بېرىش بىلەن بىرگە، يەنە ھۆسن تۈزەش جەھەتتىمۇ مىللىي ئۆزگىچىلىكنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار گۈزەللىك يارىتىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا سۈنئىي پەرداز ئادەتلىرىدىن پەرقلىق بولغان تەبىئىي پەرداز ئادەتلىرى ۋە بۇيۇملىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ بۇيۇملار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن كەلگەن بولۇپ، تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشتە)

① دىلشارا ئابلىمىت: «ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ياسىنىش ئادەتلىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلى، ئۇيغۇرچە، 2001 - يىللىق 1 - سان.



# ئون نەسىھەت

ئارىستوتېل

پارسچە «دەھ نەسىھەت»( ئون نەسىھەت ) دەپ ئاتالغان بۇ مەنزۇمە ( شېئىر توپلىمى ) بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئالىم، شەرقتە بىرىنچى مۇئەللىم نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ئارىستوتېل ( ئەرەستۇ ) نىڭ ( مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 384 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 322 ـ يىلى ۋاپات بولغان ) شاگىرتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەينگە قىلغان پەند ـ نەسىھەتلىرىدىن ئىبارەت.

«ئون نەسىھەت» باشتىن ـ ئاخىر تىبابەت ۋە سالامەتلىكنى ساقلاشقا بېغىشلانغان مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

* * *

ئاڭلا، ئەي ئىدرەكلىك ئەقىل نايىبى،
گۇناھتىن قورقۇچى ساۋاب ساھىبى.
بىر ئادەم بار ئىدى قەدىم زاماندا،
ئۇ بىلەن ياشايتتى بارچە ئاماندا.

بىراۋغا يەتكەندە بىرەر خىل زەخمەت،
زەخمەتكى، دەۋاسى يوق بولسا پەقەت.
ئۇ كىشى تاپاتتى دائىم ئىلاجىن،
تەكشۇرۇپ كۆرەتتى كېسەل مىجازىن.
بارچە ھەكىملەردىن ئۇستىراق ئىدى،
نامى ئارىستوتېل ، كۆڭلى ئاق ئىدى.
بىر كۈن ئاڭا دېدى سۇلتان ئىسكەندەر:

ئەي داۋا مەخزەنى، ئەي ساھىب ھۈنەر.
مەنمۇ تەلىمىڭگە مايىل ئېرۇرمەن،
ئەقىل ـ ئىدرىكىڭگە قايىل ئېرۇرمەن.
مەن ئۇچۇن تۈزۈپ بەر بىر نۇسخە① بۇدەم،
جېنىم ئۆتسۇن مېنىڭ راھەتتە ھەردەم.

دېدى ئارىستوتېل: ئۇلۇغ پادىشاھ،
ئەي ئاللا سايىسى، ئەي ئالەم پاناھ؛
ساڭا ئون نەسىھەت قىلاي بۇ كەچ مەن،
ئەمما بىرىنىمۇ ئۇنتۇمىغايسەن.
دائىم ھەمدەم بولار ساڭا ئامانلىق،
پەلەكتىن كۆرمەيسەن زەررە يامانلىق.

① رېتسېپ، كىتاب ياكى رىسالە مەنىسىدە.

ھەر چاغكى، نەسىھەتىم يولدىشىڭ بولۇر،
رەنجۇ غەم يۈز بەرسە قولدىشىڭ بولۇر.
ئالتۇن سۆيى بىلەن بۇ پەندىم مۇدام،
يېزىلسۇن، ئەمەل قىل ھەر سۇبھى، ھەر شام.

### بىرىنچى نەسىھەت

بىرىنچى بۇدۇركى، مەيدەڭدە تائام
تا ھەزىم بولماستىن ھەممىسى تامام،
ئۈستىدىن ھېچ نەرسە يېمە، زىياندۇر،
رەنجۇ غەم يۈز بېرەر، ئازارى جاندۇر.
غىزايىڭ بولسا گەر يىگىنۇ لەتىپ،
مىجازىڭ ھېچقاچان بولمىغاي زەئىپ.

### ئىككىنچى نەسىھەت

ئىككىنچى بۇدۇركىم، قاتتىقتۇر يېمىش،
ئۇنىڭدىن زىيان تاپار ھەم مەيدە، ھەم چىش.
ئۆزۈڭنى تارت، يېمە، ئەمەستۇر جايىز،
ھەزمى ئۇچۇن ئاخىر مەيدەڭدۇر ئاجىز.
ئۇنىڭدىن بىخلىنار تەندە تەشۈشىڭ،
ئاغرىتىپ جان ئالار ھەم ئاغرىق چىشىڭ.

### ئۈچىنچى نەسىھەت

ئۈچىنچى بۇدۇركىم، ھەر خىل دورىغا
كىرىشمە ئالدىراپ، سەۋر قىل بارىغا.
كېسەلدىن قورقمىغىن، غەم قىلما پەقەت،
بەدىنىڭ دورىغا قىلمىسۇن ئادەت.
ئادەت قىلسا ئەگەر بۇ يامان ئىللەت،
ئىللەتلا ئەمەس ئۇ، بەلكى زور زىللەت①.

### تۆتىنچى نەسىھەت

تۆتىنچى، ساقلىقدۇر بەدەندە قانىڭ،
چۈنكى قان بەدەندە ئېرۇر پاسىبانىڭ.
ھاياتىنىڭ ئاساسى، مايەسىدۇر قان،
بىھۇدە چىقارما تەندىن ھېچقاچان.
بەدەندە بولمىسا قان كەبى دوستۇڭ،
سارغىيىپ بولغۇسى ناتىۋان پوستۇڭ.

### بەشىنچى نەسىھەت

بەشىنچى پەندىمنى ئېيتايىن ساڭا،
دىققەت قىل، قۇلاق سال، ئەي ئاقىل ماڭا.
بەلغەم پەيدا بولسا قەي قىلغىن ئەلبەت،
كەچ قالما؛ غەيرەت قىل، پايدىدۇر ھەر ۋاقىت.
ئەگەر بەلغەم تەندە ئەيلىسە ۋەتەن،
ئۇنى كۆچەيتۈرمە، خەۋپلىك دۈشمەن.
بەلغەم بەدەندە ئىمارەت قىلۇر،
تېنىڭنى يىمىرەر، غەنىيمەت قىلۇر.

### ئالتىنچى نەسىھەت

ئالتىنچى پىشابىڭ② كەلگىنى زامان،
قايتۇرما كېسەللىك قىلغۇسى ئايان.
كىمكى پىشابنى تۇتۇپتۇ ئۇزاق،
بۆرەك كېسەل ئاڭا قويۇپتۇ تۇزاق.
بۆرەكتە گەر پەيدا بولسا بىرەر تاش،
بۇندىن ئېغىر ئىللەت كۆرمىگەي ھېچ باش.

① زىللەت ـــ خارلىق.
② پىشاب ـــ سۈيدۈك.

### يەتتىنچى نەسىھەت

يەتتىنچى پەندىمگە ئەمدى قۇلاق سال،
چىن دىلدىن ئاڭلا ۋە ياخشى يادلاپ ئال.
هاجەتكە بارغاندا تاهارەت① ئەيلە،
ۋە بۇنى دائىما سەن بىر ئادەت ئەيلە.
پاكىزلىق بولسا گەر سەن ئۈچۈن ئادەت،
كۆڭلۈڭ روشەن بولۇر، دىل تاپار راھەت.

### سەككىزىنچى نەسىھەت

سەككىزىنچى بۇدۇر، ماڭا دىققەت قىل،
هامامغا بېرىشنى تېز - تېز ئادەت قىل.
ئىسسىق سۇدا يۇيۇن، تا باشتىن - ئاياق،
خوپ تەرلەن، بەدىنىڭ بولغۇچە يۇمشاق.
مولايىم بولغاچقا هامامدا بەدەن،
ئاقىۋەت كۈچ بىلەن تولغۇسىدۇر تەن.
تەر بىلەن دەردلىرىڭ ئاداش بولغۇسى،
ساقلىقىڭ بىر ئۆمۈر يولداش بولغۇسى.

### توققۇزىنچى نەسىھەت

توققۇزىنچى بۇدۇر، ئۆمرۈڭ ئارا هېچ
ئەرك بەرمە شەهۋەتكە سەن ئەرتەيۇ كەچ.
ئەرك بەرسەڭ هاياتىڭ توزان بولغۇسى،
كۈچ كېتىپ قامىتىڭ كامان بولغۇسى.
ئاجىزلىق يۈز بەرسە، ئەيلىسەڭ داۋا،
داۋادىن يۈز بېرەر ئەينى مۇددىئا.

### ئونىنچى نەسىھەت

ئونىنچى، گەر قېرى بولسا هەر ئايال،
يىگىتسەن، ياتماقنى ئەيلىمە خىيال.
ئاهاڭرەبا كەبى تارتقاندا بىراق،
ئەي يىگىت، ئىلاجىڭ بولمىسا هەر ۋاق،
سۆهبىتىگە كىرسەڭ ئەگەر بىرەر يول،
كېيىن ئۇندىن ئەبەدىي قاچ ۋە ئۇزاق بول.

* *

سەن هەر كۈنى ئوقۇساڭ ئون نەسىھەتنى،
قولدىن بەرمىگەيسەن هېچ چاغ سىھھەتنى.
ياخشىلار يىپقا دۇر تىزىپ كېتىپتۇ،
ساق بول دەپ قولۇڭغا بېرىپ كېتىپتۇ.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: جاپپار ئەمەت



① تاهارەت — سۇ بىلەن پاكلىنىش.

# ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئاياللار تەربىيىسى ھەققىدىكى ئىلغار قاراشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ زامانىمىزدىكى ئەھمىيىتى

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى

پەرزەنت تەربىيىسى ۋە ئائىلە ساپاسى بۈگۈنكى كۈندىكى مۇھىم بىر ئىجتىمائىي تېما. بۇ تېما ھەققىدىكى تەتقىقات قانچىلىك چوڭقۇرلاشسا ۋە جامائەت پىكرىگە ئايلاندۇرۇلسا، بۇنداق جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ ساغلام ۋە ساپالىق بولىدۇ. پەرزەنت تەربىيىسى ماھىيەتتە ئائىلىلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆرۈش جەريانى بولۇپ، ئاياللارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئاياللار تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك، قىزلارنى ئوقۇتۇشنى خالىماسلىق، ئاياللىرىنىڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆزىنىڭكىدىن تۆۋەن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش، ئاياللارنىڭ خىزمەت تېپىشىنىڭ تەس بولۇشى، ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى نۆۋەتتە ھەممىمىز دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ۋە جىددىي ھالدا ئىزىغا سالمىساق بولمايدىغان مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ مەسىلىلەرگە ئاتا - بوۋىلىرىمىز خېلى بۇرۇن دىققەت قىلغان ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىشنى مىللىي تەرەققىياتىمىزنىڭ ئاچقۇچلۇق ئامىلى دەپ قارىغان. يېقىنقى تارىخىمىزدا مۇشۇ مەسىلىلەر ھەققىدە نىسبەتەن مۇكەممەل توختالغان كىشى مەشھۇر شائىر ۋە ئالىم ئابدۇقادىر داموللامدۇر. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «نەسىھەتى ئاممە» دېگەن ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاياللار تەربىيىسى ھەققىدىكى ئىلغار ئىدىيە ئادەمنى ئىلھاملاندۇرىدۇ. ھەتتا بۇ ئىدىيە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئەڭ ئىلغار ئىدىيە ھېسابلىنىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئاياللار ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرى بىر خەلقنىڭ مائارىپىغا يېتەكچى ئىدىيە بولۇپ، شۇ خەلقنىڭ مائارىپىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلغۇدەك مەنىگە ۋە قىممەتكە ئىگە. ناۋادا بۇ ئىدىيە بىر مىللەت مائارىپى تەرىپىدىن ئاڭلىق، پىلانلىق قوبۇل قىلىنمىغان تەقدىردىمۇ، شۇ مىللەتنىڭ سەرخىللىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئائىلىلەرنىڭ يېتەكچى مائارىپ ئىدىيىسى قىلىنسا، ئائىلىلەردە ئويلىمىغان ساپا ئۆزگىرىشلىرىنى پەيدا قىلالايدۇ.

ئابدۇقادىر داموللا مۇنداق يازىدۇ: «ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشىنىڭ پەرزلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنىڭغا دىققەت - ئېتىبارىمىزنى قوزغىشىمىز، (نۆۋەتتە) خوتۇن - قىزلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپلەرنى ئېچىشىمىز لازىم. چۈنكى، كىچىك باللار نادان، ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدىكى چاغدا يامان ئىللەت ۋە بىلىمسىزلىككە گىرىپتار بولسا، ئۇلارنى كىچىكلىكىدە ئادەتلەنگەن ئۇ ئىشتىن قۇتۇلدۇرۇش ناھايىتى جاپالىقتۇر.

ئەگەر ئانىسى بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولسا، پەرزەنتىنى ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيە قىلار، ئىسلامىيەتكىمۇ زىيان يەتمەس. بۇنداق باللارنىڭ چوڭ بولغاندا كامالەتكە يەتمىكىمۇ ئاسان بولىدۇ. ھەدىستىمۇ «ھەر بىر پەرزەنت تۇغۇلۇشتا ئەيىبسىز، لېكىن ئۇنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيىسىگە باغلىق» دېگەن مەزمۇن بار.

ئابدۇقادىر داموللام ئىسلام دىنىنىڭ ئۆلىماسى ۋە ئالىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ يەردە ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشىنىڭ پەرزلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى پەرز دېگەن نېمە؟ ئاللا تەرپىدىن بۇيرۇلغان، ئىجرا قىلمىسا بولمايدىغان قانۇندۇر. دېمەك، ئەرلەرنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشى پەرز بولۇپ قالماي، ئاياللارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشىمۇ پەرزدۇر، ھەتتا ئۇ ئەرلەرنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشىگە قارىغاندا، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان تەربىيە جەريانىدۇر. چۈنكى، ھەرقانداق ئايال ئانا بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ قارنىدا تۆرەلمىز، ئۇ بىزنى قارنىدا توققۇز ئاي توققۇز كۈن پەرۋىش قىلىپ، ئاسراپ، نەچچە ئۆلۈپ، نەچچە تىرىلىپ، تولغاق يەپ بۇ دۇنيا بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. بىز چوڭ بولغۇچە بىزنى پوق - سۈيدۈكتىن خالاس قىلىپ، قەلبىمىزنى ئانىلىق مېھرى بىلەن سۇغىرىدۇ. مۇشۇ جەرياندا تۇنجى تەربىينى ئانىمىزدىن قوبۇل قىلىمىز.

ئەمدىلا پەرزەنتلىك بولغان بىر ئاتا بالامنى تەربىيىلەشنى قاچاندىن باشلىسام بولار دەپ، بىر ئالىمنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ.

— ھېلىمۇ بالاڭنى تەربىيىلەشكە جىق كېچىكىپسەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاقىل، — چۈنكى بىر بالىنىڭ تەربىيىلىنىشى بالا تۇغۇلماستىنلا باشلانغان بولىدۇ.

شەرق خەلقلىرىنىڭ قارىشىچە، بىر بالىنىڭ تەربىيىلىنىشى ئىككى ياشنىڭ ئائىلە قۇرۇش باسقۇچىدا باشلىنىدۇ.

مەشھۇر مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق يازىدۇ:

ئەگەر ئۆيلىنىشنى خالىساڭ ئۆزۈڭ،
تاللىۋال خىلىنى، ئىتتىك قىل كۆزۈڭ.

تېگى ياخشى بولسۇن، تۇخۇم ۋە ئۇرۇغ،
ئۇياتچان ۋە تەقۋا، ئۆزى بەك ئېرىغ.

دېمەك، ئەر ئۆيلىنىشتىن ئىلگىرى چوقۇم ئەڭ خىل، ئېسىل، پاكىز ئايالنى تاللاش كېرەك. چۈنكى، شۇ ئايال بىر ئائىلىنىڭ ئاساسى ياكى ئائىلە قۇرىدىغان بىر بىنەم.

«كارل ۋىتىرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى» دېگەن كىتابتىمۇ پەرزەنت تەربىيىسىنى پەرزەنت تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىش، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئۆزىنى پاك، روھلۇق تۇتۇش، ئادەمنىڭ روھىنى كۆتۈرىدىغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش، مانا مۇشۇنداق چاغلاردا پەرزەنتلىك بولۇش، ئايال ھامىلىدار ۋاقىتتا ئۇنى ئەڭ ياخشى كۈتۈش، ھاۋاسى ساپ جايلارغا ئاپىرىش، ئىمكانقەدەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش، كۆڭلىنى ئاغرىتماسلىق، ئايال كىشىمۇ ئۆزىنى نىجىس نەرسىلەردىن، كۆڭلىنى نىجىس خىياللاردىن يىراق تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. چۈنكى، نىجىس خىيال، نىجىس ماددىلار ئانا قورسىقىدا شەكىللىنىۋاتقان بالىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئەقلىنىڭ جۇلالىنىشىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، شەرق ئاقىلىنىڭ كۆزدە تۇتقىنى پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ تۇنجى قەدىمى ماھىيەتتە ئېسىل خوتۇن ئېلىش، ياخشى ئائىلە قۇرۇشتىن باشلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بىر ئايالنىڭ بۇزۇلغانلىقى بىر ئائىلىنىڭ بۇزۇلغانلىقى، بىر ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشى ماھىيەتتە بىر جەمئىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ھۈجەيرىسىگە كېسەل تەگكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى. بۇزۇلغان ئايالنىڭ بۇزۇقلۇقى ئائىلە ئارقىلىق بالىلارغا، بالىلار ئارقىلىق جەمئىيەتكە يۇقىدۇ.

مۇشۇ نۇقتىلاردىن ئويلىغاندا، ئاياللارنى مەخسۇس مەكتەپ ئېچىپ تەربىيىلەش ھەقىقەتەن زۆرۈر. چۈنكى، بىز نۆۋەتتە يۈزلىنىۋاتقان مائارىپ بۈگۈندىن تۆت ـ بەش يۈز يىل بۇرۇن بارلىققا كەلگەن، ياۋروپا ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىگە مەنسۇپ مائارىپ شەكلى بولۇپ، ياۋروپانىڭ

بۈگۈنكى قۇدرىتى ئۈچۈن ئاساس سالدى ۋە تارىخقا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. بۇ خىل مائارىپ
ئوخشاش ياشتىكى ۋە تەربىيىلىنىش نۇقتىسى ئوخشاش بولغانلارنى بىر يەرگە يىغىپ ئوقۇتۇش ئارقى-
لىق مەدرىسە مائارىپىدىن پەرقلىق ھالدا گۇمانتارلىقنى ئاساسىي ئىدىيە، ئىلىم - پەن ئۆگىتىشنى
ئاساسىي لىنىيە قىلغان مائارىپ ئىدى. ئارىدىن يېرىم ئىراچە ۋاقىت ئۆتتى. دۇنيانىڭ تەرەققىياتى
يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى بىلەن بۈگۈنكى مائارىپ ئوتتۇ-
رىسىدا مەلۇم ھالدا پەيدا بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا خاراكتېرلىك مائارىپ ئىسلاھاتى چۇقانلىرى پەيدا بولدى.
پسىخولوگىيە ۋە پېداگوگىكىنىڭ ئەڭ يېڭى تەرەققىيات نەتىجىلىرى مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ زۆرۈرلۈ-
كىنى پاكىتلار بىلەن تەمىنلىدى.

بۈگۈنكى مائارىپنىڭ ئاساسى ياش پەرقى ۋە بىلىم پەرقىنى ھېسابقا ئېلىش ئاساسىدا سېلىنغان
بولسا، بۈگۈنكى ئىسلاھات چۇقانى سالغۇچىلار ئوخشاش ياشلىق باللاردىكى تۇغما ئەقىل (تۇغما
تالانت) ۋە پسىخىكا پەرقى ھېسابقا ئېلىنمىدىغان بىر مائارىپنىڭ بولۇشىنىڭ بۈگۈنكى دۇنيانىڭ يېڭى
تەلىپى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. چۈنكى، مائارىپقا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنىڭ بۈگۈنكى تە-
رەققىياتى تالانتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىش بىلەن بىرگە، مائارىپتا باللارنىڭ تالانت بو-
لىقىنى ئېچىشقا پايدىلىق بىر تۈزۈلمىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

دېمەك، ھازىر كىشىلەر ئوخشاش ياشتىكى باللارنىڭ ئەقىل پەرقى ۋە پسىخىكا پەرقىنى ئېتىراپ
قىلىشقا يۈزلىنىپ قالماي، يېشى ئوخشاش، لېكىن جىنسى ئوخشىمايدىغان باللار ئوتتۇرىسىدىمۇ ئە-
قىل ۋە پسىخىكا نۇقتىسىدا نۇرغۇن پەرقلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى تەن ئېلىشقا باشلىدى. پەرق بولغا-
نىكەن، پەرقىنى بايقاپ تەربىيىلىنىش جەريانىنى قاراتمىلىققا ئىگە قىلىش، باللارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋا-
لىغا ئاساسەن مائارىپ يۈزلىنىشىنى بەلگىلەش زۆرۈر. شۇنداقلا پسىخىك ۋە ئەقلىي پەرقلەرگە ئاساسەن
باللارنى ئايرىم تەربىيە توپىغا ئايرىش تېخىمۇ زۆرۈر.

ئابدۇقادىر داموللىنىڭ نۆۋەتتە خوتۇن قىزلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپلەرنى ئېچىشىمىز لازىم،
دەپ كەسكىن ھۆكۈم قىلىشىمۇ بىر خىل ئالدىن كۆرەرلىك، بىر قارىماققا بۇ گەپلەر مۇتەئەسسىپ-
تەك، ئاياللارنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كەمسىتىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. لېكىن، ئىلمىي نۇقتىدىن كۆزەت-
كەندە، ئەمەلىيەتتە بۇنداق قىلىشنىڭ بىر خىل تېخىمۇ زور ئىلمىيلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى
بولىدۇ.

بىز قىز - ئوغۇل ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى پسىخىك پەرق بىلەن ئەقلىنىڭ يېتىلىش پەر-
قىنى تەن ئالىمىز. پسىخولوگلار قىزلارنىڭ تەڭ ياشتىكى ئوغۇللارغا قارىغاندا تېز پىشىپ يېتىلىدى-
غانلىقىنى ئاللىقاچان بىزگە ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ يەردىكى تېز پىشىپ يېتىلىش ئەلۋەتتە جىسمانىي
نۇقتىدىكى بۇرۇن پىشىپ يېتىلىشنى ئۆزئىچىگە ئېلىپلا قالماي، ئەقىل نۇقتىسىدىكى بۇرۇن پىشىپ
يېتىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇنداق بولغانىكەن، باللارنى تەربىيىلەشتە نوقۇل ھالدا ياش
پەرقىگە ئېسىلىۋېلىش ۋە جىنسىي پەرقىنى يوققا چىقىرىپ، ھەممە باللىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە ئۇرۇ-
نۇش مەسىلىسى پسىخولوگىيە قاتارلىق مائارىپقا مۇناسىۋەتلىك پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز
بولۇۋاتقان ۋە مائارىپنى نۇرغۇن قوللىنىشچانلىقى كۈچلۈك تەجرىبە نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەۋاتقان
بۈگۈنكى كۈندە قايتا ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

ئۇنداقتا خوتۇن - قىزلار ئۈچۈن ئايرىم مەكتەپ ئېچىش دېگەن ئىدىيىنى قانداق چۈشىنىش
كېرەك ؟

دۇنيادىن ئىبارەت بۇ ئويۇن سەھنىسىدە ئەر ۋە ئايالنىڭ ئالىدىغان رولى زور دەرىجىدە پەرقلىنى-
دۇ. لېكىن، باراۋەرلىك نۇقتىسىدىن ئاياللارنى ئەرلەرگە ئوخشاش رول ئېلىشقا دەۋەت قىلىش ياكى
مەجبۇرلاش ۋەياكى ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىش ئاياللىق نازاكەت

ۋە ئەرلىك جاسارەت كەبى خاس ئامىللارنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىشى ۋە خاس تەۋەلىكىدىن ئاجراپ ئۆزى تەۋە بولمىغان ئوبيېكتلارغا تەۋە بولۇپ قىلىشىغا ئوخشاش نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاياللار ئەرلەرگە ئوخشاش جاسارەتكە ئىگە بولسا، مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ، ھازىرغا قەدەر مەدھىيىلەپ كەلدۇق. لېكىن، نېمىشقا بۇ ئايال ئاشۇنداق رول ئېلىشقا، ئەرلەردەك جاسارەت كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولدى ؟ ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ئورنىدا جاسارەت كۆرسىتىشكە تېگىشلىك ئەرلەر نەگە كەتتى ؟ دېگەن سوئاللارنى كاللىمىزغا كەلتۈرۈپ باقمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئەرلەر ئاياللاردەك نازاكەتلىشىپ كەتسە قانداق بولىدۇ ؟ دېگەن سوئال ھەققىدىمۇ ئويلاپ باقمىدۇق. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئويلىنىش بىزنى ھەسرەتكە سالىدۇ. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ ئۆزى ئېلىشقا تېگىشلىك روللاردىن چەتنەپ كېتىشى ياكى باشقا روللارنى ئېلىپ قېلىشى، موزدوزنىڭ تېۋىپ بولۇپ، تېۋىپنىڭ تامچىلىققا مەجبۇرلىنىشى بىزگە تراگېدىيە يۈزلىنىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ھەرقانداق نەرسە ئۆز رولى ۋە ئۆز خۇلقى بىلەن گۈزەل.

دېمەك، ئايرىم مەكتەپ ئېچىش ئارقىلىق بۇ ھەقتىكى تەربىيىنى قاراتمىلىققا، ئەر ۋە ئاياللارنى ئۆز خۇلقى بىلەن تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ناۋادا ئەر ۋە ئايالدىن ئىبارەت ئىككى رول ئىگىسى ئۆز رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسا، شۇنداقلا ئۆز رولىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ھېس قىلالىسا، ئاياللار ئاياللىق خىسلەت، خۇلقلارغا باي بولسا، ئەرلەر ئەرلەرگە خاس ئالاھىدىلىك بىلەن گەۋدىلەنسە، ئىككى جىنىس ئۆزىگە خاس رولىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئالسا، مانا بۇ بىر جەمئىيەتنىڭ بەختى ئەمەسمۇ ؟

مەخسۇس مەكتەپلەر بولغانىكەن، مەخسۇس تەربىيە بولىدۇ. باللار جىنسى پەرق يوق ئارىلىشىپ ئوقۇغان مەكتەپلەردە يولغا قويغىلى بولمايدىغان بەزى دەرسلەرنى بۇ مەكتەپلەردە تامامەن يولغا قويغىلى بولىدۇ. ھەتتا قىز - ئوغۇللارنى پسىخىك ۋە ئەقىل پەرقى بويىچە تەربىيىلىگىلى، تەربىيىنى تېخىمۇ قاراتمىلىققا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. بەزىلەر ئايرىم مەكتەپلەرگە ئايرىشنى قىزلارغا ئۆي تۇتۇشنى، يىڭنە ئىشلىرىنى قىلىشنى ئۆگىتىش دەپ ئاددىي چۈشىنىدۇ ۋە بۇ خىل ئايرىشنىڭ مەقسىتىنى ئاددىيلاشتۇرىدۇ. لېكىن، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ نەزىرىدىكى ئايرىش ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەس، بەلكى پېداگوگىكا ۋە پسىخولوگىيىنى چىقىش قىلغان، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ تەشكىللىنىشىنى ئىلمىي كۆزىتىش ۋە يەكۈنلەشتىن كېلىپ چىققان.

ناۋادا خانىم - قىزلار ئايرىم مەكتەپلەردە ئوقۇپ، ئانىلىق قەدىر - قىممەت، ئاياللىق ھۆرمەت ۋە ئىززەتنىڭ مەنىسىنى ۋايىغا يېتىپ چۈشىنىپلا قالماي، بىر پېداگوگ سۈپىتىدە تەربىيىلەنسە، بالىلىرىمىزنىڭ تەربىيىلىنىپ ۋايىغا يېتىشى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تالانتىنىڭ كۆمۈلۈپ ياتقان بىخلىرىنى بايقاش تېخىمۇ ئوڭايلىشاتتى. چۈنكى، بىر بالىنى ئانىسىدەك چۈشىنىدىغان يەنە بىر شەخسنىڭ بولۇشى ناتايىن. ناۋادا ئانا ئانىلىق رولىنى ئېلىش بىلەن بىرگە ھەقىقىي بىر پېداگوگ رولىنى ئالسىچۇ ؟

بىر ئايال تەبىئەت ئاياللارغا يۈكلىگەن رولىنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشىنىپ، ئۇنى پۈتۈن جەمئىيەتتە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلىسىچۇ ؟ شۇنداقلا، ئەنە شۇنداق ئايرىم مەكتەپلەردە ئەرلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى ئىلمىي چۈشىنىپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئەركەككە ئوخشاش چوڭ بولغان بىر ئەر بىر ئايالنىڭ ئەنە شۇنداق رولىنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنى چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن پەرۋىش قىلىسىچۇ ؟

مېنىڭچە، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقان جەمئىيەتكە قارىغاندا، بۇنداق پەرق ئىلمىي ھالدا تونۇلۇپ، ھەر كىم ئۆز رولىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېلىۋاتقان جەمئىيەت تېخىمۇ بەختلىكتۇر. ناۋادا ئەرنىڭ لامزەللىلىكى (لامزەللىلىك ماھىيەتتە ئەرلەرنىڭ ئەرلىك خاراكتېرىنىڭ يىگلەپ كېتىشىدۇر) تۈپەيلىدىن بىر ئايال ئائىلىدە ئەرلەردەك ھىممەت ۋە

جاسارەت كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولسا، شۇ ئايالغا مەدھىيە ئوقۇيمىز، ئەرنى ئەيىبلەيمىز. ناۋادا بىر ئەر ئايالىنىڭ مۇھەببىتى بىلەن يۈركىنى قاندۇرۇپ ئۆز ئىقتىدارىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشسا، بىز بۇنداق ئائىلىلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرىمىز. بۇنداق ئائىلىلەر شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ساغلام ھۈجەيرىلىرىدۇ. ناۋادا ئايالىنىڭ ساپاسىزلىقىدىن قەلبى ئۇسسىغان ئەر بۇلاقتا تۇرۇپ ئۇسسۇزلۇق ھېس قىلىسچۇ ؟

خوش، ئاياللارنى تەربىيىلەش پەرز. ئۇنداقتا ئۇلارنى قانداق تەربىيىلەش كېرەك ؟ قانداق قىلغاندا بۇ پەرزنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىغىلى بولىدۇ ؟

ئەڭ ئاۋۋال ھەربىر ئادەمنىڭ كاللىسىدا ئاياللارنى تەربىيىلەش پەرز دېگەن ئوينى بەرپا قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا بۇنىڭ ئىلمىي ئەھمىيىتىنى تونۇتۇش كېرەك. شۇنىڭدىلا بۇ ھۆكۈم بىزنىڭ كاللىمىزدىكى ماياكقا، بىز ھەرقانداق ۋاقىتتا رىئايە قىلىدىغان قانۇنغا ئايلىنىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە ئاياللارنى تەربىيىلەيدىغان ئۇل ـ ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. شۇندىلا بىزنىڭ تەربىيە خىزمىتىمىز تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بىز ھازىر تەكىتلەۋاتقان ئىناق جەمئىيەتمۇ مانا شۇنىڭدىلا تېخىمۇ ئوڭاي بەرپا بولىدۇ.

«كىچىك بالىلار نادان، ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدىكى چاغدا يامان ئىللەت ۋە بىلىمسىزلىككە گىرىپتار بولسا، ئۇلارنى كىچىكلىكىدە ئادەتلەنگەن ئۇ ئىشتىن قۇتۇلدۇرۇش ناھايىتى جاپالىقتۇر» دەيدۇ ئابدۇقادىر داموللا.

پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە، بىر بالىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق خاراكتېرى ۋە ئەقلىي ئاساسى يەتتە ياشقا كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا بەلگىلىنىپ بولىدىكەن. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بىر ئائىلىدە بىر بالىنىڭ يەتتە ياشقىچە بولغان تەربىيىلىنىش جەريانىدا ئانىنىڭ رولى ھەممىدىن چوڭ، ھەتتا ئاتىمۇ ئانىنىڭ رولىنى باسالمايدۇ. پەرزەنت يۈزى كۆرۈپ باققان ھەرقانداق ئادەم بۇ نۇقتىنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ئانىنىڭ ئەقلى ۋە ساپاسى بالىنىڭ ئەقىل ۋە ساپا قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسى. ئانا ئارقىلىق بالىغا يۇققان ئىللەت ياكى ئانىنىڭ ساپاسىزلىقى تۈپەيلىدىن بالىنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىدا كۆرۈلگەن زىياننى كېيىن تۈزىتىش ۋە تولدۇرۇش ناھايىتى تەس. چۈنكى، بالا مەكتەپكە كىرىپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئېرىشكەن ئەقلىي تەرەققىيات بالىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئاساس كەڭ ۋە پۇختا بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان بىنا پۇختا ۋە مۇستەھكەم بولىدۇ.

شۇڭا، بالىلىرىمىزنى ياخشى تەربىيىلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئاياللارنى ياخشى تەربىيىلەش، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتىمۇ ئاياللارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. ئاياللارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئۇلارنىڭ مائارىپ ھوقۇقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.

بىر جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلغانلىقى ئاياللارنىڭ بۇزۇلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئاياللارنىڭ بۇزۇلۇشى ماھىيەتتە ئەرلەرنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىشىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان تراگېدىيە بولۇپ، ئەرلەرنىڭ ئۆز رولىنى تولۇق ئۆتىمەسلىكى ئۇنىڭ بىۋاستە سەۋەبى.

ئابدۇقادىر داموللام 1924 ـ يىلى جاھالەتنىڭ ھامىيلىرى تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۆلمەس ئىدىيىلىرى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر يېتىپ كېلىپ، بىزنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى مىراسىمىزغا ئايلاندى. ھازىر بۇ مىراسلار بىزنىڭ ۋارىسلىق قىلىپ، نۇرلاندۇرۇشىمىزنى كۈتۈپ يېتىپتۇ.

(ئاپتور شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا)



# كارۋان بايۋەچچە

(چۆچەك)





رەتلىگۈچى: بۇنىسا ھېزىم

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، تەكلىماكاننىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى بىر شەھەردە بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇ شەھەرمۇ شەھەر كېزىپ سودىگەرلىك قىلىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «كارۋان بايۋەچچە» دەپ ئاتايدىكەن. كارۋان بايۋەچچىنىڭ يېشى قىرىققا يەتكەن بولسىمۇ، تېخىچە ئۆيلەنمىگەنىكەن. باشقىلارنىڭ ئۆيلىنىش ھەققىدىكى تەكلىپلىرىگە : «مەن كۆپ ھاللاردا ئۆيدە تۇرالمايمەن. خوتۇن ئالسام، مەن ئۆيدە يوق چاغلاردا خوتۇنۇم ماڭا خىيانەت قىلىپ سالسا، مەن بۇنداق ئىشقا چىداپ تۇرالمايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدىكەن. ئۇ يېشى قىرىقتىن ئاشقاندىن كېيىن ئاخىر ئۆيلىنىپتۇ، لېكىن خوتۇنىغا ئىشەنمەي، سودىگەرچىلىكنى تاشلاپ ئۆيىدىن چىقماي ئولتۇرۇپتۇ.

— كارۋان بايۋەچچە، — دەپتۇ خوتۇنى بىر كۈنى، — ئىش ـ ئوقەت قىلايلى، بۇنداق يېتىۋەرسەك بولماس.

— مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە خوتۇن ئالسام سودىگەرچىلىك قىلمايمەن دەپ ۋەدە بەرگەن. قىلىدىغان سودىگەرچىلىكنى قىلىپ بولغان. ئەمدى بولدى قىلاي، — دەپتۇ كارۋان بايۋەچچە.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. كارۋان بايۋەچچە ھېچ ئىش ـ ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇتماي ئىلگىرى تاپقان مال ـ دۇنيالىرىنى يەپ يېتىۋېرىپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ۋەج ـ ئوقىتىمۇ تۈگەشكە باشلاپتۇ.

— ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز بارنى يەپ يېتىۋەرسەك، تاغ بولسىمۇ توشىمايدۇ، بىزنى نامراتلىق باسىدۇ، شۇڭا بىرەر ئىش قىلايلى، — دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ يەنە خوتۇنى.

لېكىن، كارۋان بايۋەچچە خوتۇنىنىڭ گەپلىرىگە پىسەنت قىلماي، يەنىلا كۈنلىرىنى بىكار ئۆتكۈزۈپ يۈرۈۋېرىپتۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇلارنى يوقسۇزلۇق قىيناشقا باشلاپتۇ.

— مۇنداق قىلايلى، — دەپتۇ خوتۇنى بىر

كۆنى ئېرىگە، ــ مەن سىلىگە چىن كۆڭلۈمدىن سادىق، لېكىن سىلى ماڭا ئىشەنمەيلا. شۇڭا، مەن ئۆز ۋۇجۇدۇمدىن بىر تال قىزىلگۈل ئاپىرىدە قىلىپ بېرەي. سىلى بۇ گۈلنى چېكىلىرىگە قىستۇرۇپ شەھەرمۇشەھەر كېزىپ سودىگەرچىلىك قىلسىلا. بۇ گۈل مېنىڭ سىلىگە سادىق بولغان ـ بولمىغانلىقىمنىڭ گۇۋاھچىسى بولسۇن. بۇ گۈل داۋاملىق ئېچىلىپ، ياشىرىپ تۇرسا، بۇ مېنىڭ سىلىگە خىيانەت قىلمىغانلىقىمنى ئىسپاتلايدۇ. ناۋادا گۈل سولىشىپ قالسا، بۇ مېنىڭ سىلىگە خىيانەت قىلغانلىقىمنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇنداق بولسا سىلى دەرھال يېنىپ كېلىپ، مېنى نېمە قىلسىلا مەيلى ...

خوتۇنىنىڭ بۇ تەكلىپى كارۋان بايۋەچچىنى ئويلاندۇرۇپتۇ. ئۇ ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ، ئاخىر تەۋەككۈل كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، سودىگەرچىلىككە ئاتلانماقچى بوپتۇ. تەييارلىقلىرى پۈتۈپ يولغا چىقىش ئالدىدا خوتۇنىغا شۇنداق دەپتۇ:

ــ خوتۇن، مەن سىلىنىڭ گېپىڭلىگە كىرىپ، سودىگەرچىلىكنى قايتىدىن باشلىماقچى بولۇۋاتىمەن. ئەمما، شۇنى ئېسىڭلىدە مەھكەم تۇتۇڭلاركى، سىلى مەن كەتكەندىن كېيىن، نېمە ئىش قىلماقچى بولساڭلار، ئۆيدىكى شاتۇتنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىڭلار. شاتۇتى قىل دېسە قىلىڭلار، قىلما دېسە زادى قىلماڭلار.

خوتۇنى جەزمەن كارۋان بايۋەچچىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ كارۋان بايۋەچچە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

ئۇ نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرگەنكەن، كىشىلەر ئۇنىڭ چېكىسىدىكى گۈلگە قىزىقسىنىپ قارىشىپتۇ. دەل شۇ كۈنى بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىمۇ بازار ئايلانغىلى چىققانىكەن. ئۇمۇ كارۋان بايۋەچچىنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. قارىسا ھازىر قىش كۈنى بولسىمۇ، بۇ كىشىنىڭ چېكىسىگە قىزىلگۈل قىسىغلىق تۇرغۇدەك. پادىشاھ بۇنىڭدىن ھەيران بوپتۇ، ئەمما كارۋان بايۋەچچىگە گەپ قىلماي، ئۆتۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئەتىسى كارۋان بايۋەچچىنى يەنە ئۇچرىتىپتۇ. قارىسا ئۇنىڭ چېكىسىدىكى قىزىلگۈل تۈنۈگۈنكىدىن بەكرەك ئېچىلىپ كەتكەنىكەن. پادىشاھ يەنە گەپ قىلماي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. كارۋان بايۋەچچە پادىشاھقا ئۈچىنچى كۈنى يەنە ئۇچرىغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇنىڭ باشقا يۇرتتىن كەلگەنلىكىنى پەملەپتۇ ۋە ئۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار دەپ ئويلاپ، شۇ سىرنى بىلىشكە تەقەززا بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرھال ئوردىسىغا قايتىپ بېرىپ ئەمىرلىرىگە:

ــ سىلەر بازارغا بېرىپ چېكىسىگە قىزىلگۈل قىستۇرۇۋالغان ئادەمنى تېپىپ ھوزۇرۇمغا باشلاپ كېلىڭلار، ــ دەپ ئەمر قىپتۇ.

ئەمىرلەر كارۋان بايۋەچچىنى باشلاپ كەپتۇ، پادىشاھ ئۇنى ئىززەت ـ ئىكراملار بىلەن كۈتۈۋاپتۇ ۋە نېمە ئۈچۈن چېكىسىگە قىزىلگۈل قىستۇرۇۋالغانلىقىنى سوراپتۇ.

ــ چېكەمدىكى قىزىلگۈل خوتۇنۇمنىڭ ماڭا بولغان ساداقىتىنىڭ بەلگىسى، ــ دەپ سۆز باشلاپتۇ كارۋان بايۋەچچە، ــ ئەي پادىشاھئالەم، مەن ئەسلىي سودىگەر ئىدىم، قىرىق يېشىمغىچە مەن ئۆيدە يوق ۋاقىتتا ماڭا خىيانەت قىلىدۇ دەپ، خوتۇن ئالمىدىم. يېشىم قىرىققا يەتكەندە، خوتۇن ئالماي بولمىدى. خوتۇن ئالغاندىن كېيىن، سودىگەرچىلىكنى تاشلاپ، ئۆيدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىدىم. يەپ يېتىۋەرسە تاغمۇ توشۇمايدىكەن، ۋەج ـ ئوقىتىم قۇرۇقدىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن خوتۇنۇم ئۆز ۋۇجۇدىدىن مۇشۇ گۈلنى ئاپىرىدە قىلىپ، چېكەمگە قىستۇرۇپ يولغا سالدى. بۇ گۈل سولىشىپ قالىدىكەن، ئۇ ھالدا خوتۇنۇم ماڭا خىيانەت قىلغان بولىدۇ. ھازىر ئۇ گۈل كۈندىن ـ كۈنگە ياشىرىۋاتىدۇ. بۇ خوتۇنۇمنىڭ ماڭا بولغان ساداقىتىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ بىر ھازا قاقلاپ كۈلگەندىن كېيىن، دەپتۇ:

— ھەي كارۋان بايۋەچچە، «بىر خوتۇننىڭ ھىيلىسى مىڭ ئېشەككە يۈك» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ سەن خوتۇنۇڭنىڭ ھىيلىسىگە ئالدىنىپ قاپسەن.

— ياق! پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ كارۋان بايۋەچچە، — خوتۇنۇم ماڭا ھەرگىز خىيانەت قىلمايدۇ. بۇ گۈل بارغانسېرى ياشىرىۋاتىدۇ. بۇ خوتۇنۇمنىڭ دائىم مېنى ياد ئېتىپ، نامەھرەم ئىشلاردىن يىراق تۇرغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

— ئەي، كارۋان بايۋەچچە، — دەپتۇ پادىشاھ، — سەن چېكەڭدىكى بۇ گۈلگە ئىشەنمە. بۇ گۈل سېنى ئالدايدۇ.

— ئۇنداق ئەمەس، — دەپتۇ كارۋان بايۋەچچە، — خوتۇنۇم ھەرگىز ماڭا خىيانەت قىلمايدۇ. چۈنكى، چېكەمدىكى گۈل بارغانسېرى ياشىرىۋاتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ھەر ئىككىلىسى ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپتۇ.

— ئۇنداق بولسا مۇنداق ۋەدىلىشەيلى، — دەپتۇ پادىشاھ، — قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بەلگىلەيلى. مۇشۇ مۆھلەت ئىچىدە سېنىڭ خوتۇنۇڭنى بۇ يەرگە ئالداپ ئەكېلەلىسەك، سەن يېڭىلگەن ھېسابلىنىپ، ماڭا قۇل بولىسەن. ئەكېلەلمىسەك، پادىشاھلىقىمنىڭ يېرىمى سېنىڭ بولسۇن.

بۇنىڭغا كارۋان بايۋەچچە قوشۇلۇپتۇ.

پادىشاھ دەرھال ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شەھەردىكى كېلىشكەن بىر يىگىتنى تاللاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا بىرقانچە ھەمراھ قوشۇپ، قىممەت باھالىق ئۈنچە ـ مارجان، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر بىلەن كارۋان بايۋەچچىنىڭ خوتۇنىنى ئالداپ ئەكېلىشكە يولغا ساپتۇ. يىگىت كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ كېلىپ، شەھەرنى تاماشا قىلغاچ كارۋان بايۋەچچىنىڭ خوتۇنىنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپتۇ. مەلۇم بولۇشىچە، كارۋان بايۋەچچىنىڭ خوتۇنى ئەركەك زاتىنى پەقەت قېشىغا يولاتمايدىكەن. شۇڭا، يىگىت ئاياللارنى ئىندەككە كەلتۈرۈشكە ئۇستا دەللالدىن بىرنى تېپىپ، شۇ ئارقىلىق مەقسىتىگە يەتمەكچى بوپتۇ. بۇ شەھەردە مەزلۇملارنى ئىندەككە كەلتۈرۈشكە ناھايىتى ئۇستا بىر موماي بار ئىكەن. يىگىت ھەمراھلىرى بىلەن ئۇ مومايىنى باشقىلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، مىڭ تەسلىكتە تېپىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا پادىشاھ بىلەن كارۋان بايۋەچچە ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. قانداق قىلىپ بولسۇن، كارۋان بايۋەچچىنىڭ ئايالىنى قولغا كەلتۈرۈپ بەرسە نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. موماي بۇنىڭغا بىجاندىل ماقۇل بوپتۇ ۋە شۇ ھامان كارۋان بايۋەچچىنىڭ ئايالىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. موماي ئۇنىڭدىن ھال ـ ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، گەپ باشلاپتۇ:

— ئەي قىزىم، مەن سىزنى مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلدىم. كارۋان بايۋەچچىنىڭ يېقىن بىر ئاغىنىسى بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە كەپتىكەن. ئۇ يىگىتنىڭ ئېيتىشىچە، كارۋان بايۋەچچە قايسىبىر شەھەردە قازا قىپتۇ. ئۇ جايدا كارۋان بايۋەچچىنى تونۇيدىغان باشقا ئادەم بولمىغاچقا، ھېلىقى ئاغىنىسى ئۇنى يۇيۇپ ـ تاراپ، نەزىر ـ چىراغلىرىنى بېرىپ، بۇ ياققا كەپتۇ. كارۋان بايۋەچچە كۆز يۇمۇش ئالدىدا سىزنى ئاشۇ ئاغىنىسىگە خوتۇنلۇققا بېرىۋېتىپتۇ. ئۇ يىگىت ئۆزى كېلىشنى بىئەپ كۆرۈپ قېشىڭىزغا مېنى ئەۋەتتى...

كارۋان بايۋەچچىنىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ چەكسىز قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمۈپ زار ـ زار يىغلاپتۇ. مومايمۇ ئۇنىڭغا يالغاندىن ئىچ ئاغرىتقان بوپتۇ، لېكىن كۆزىدىن ياش چىقماپتۇ. موماي نۇرغۇن تەسەللى بېرىپ، ئاخىر ئۇنى يىغىدىن توختىتىپتۇ ۋە دەپتۇ:

— قانداق قىلىمىز، بەندىچىلىك! قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر قىلماق كېرەك. تەقدىرگە تەن بەرمەي ئامال يوق. ئۆلگەننىڭ ئارقىسىدىن كەتكىلى بولمايدۇ. ھېلىقى يىگىت مەرھۇم كارۋان بايۋەچچىنىڭ ۋەسىيىتىنى يەردە قويماي، ئالايتەن بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىپتۇ. يات كىشى كارۋان بايۋەچچىنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلغان يەردە سىز ئەلۋەتتە ئېرىڭىزنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلمىسىڭىز بولماس. كارۋان بايۋەچچىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇ يىگىتتىن نۇرغۇن پۇل چىقىم بولغاندۇ. نېمىلا بولمىسۇن ئۇنىڭغا كۆپ رەھمەت ئېيتىش كېرەك. كارۋان بايۋەچچىنىڭ قىرىق قېچىرلىق ۋەج ـ ئوقىتى ھېلىقى شەھەردە ئامانەتتە تۇرۇپتۇ. شۇڭا، بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ، ئۇ يىگىت بىلەن كۆرۈشۈپ باققان بولسىڭىز...

موماي گېپىنى تۈگىتىپ، كارۋان بايۋەچچىنىڭ خوتۇنىغا ھېلىقى يىگىت بىلەن كۆرۈشمىسە، كېيىن چوقۇم پۇشايماندا قالىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا تاپىلاپ، يولىغا راۋان بوپتۇ.

موماي كەتكەندىن كېيىن، كارۋان بايۋەچچىنىڭ خوتۇنى كۆپ ئويلىنىپ، ئاخىر چاقىرغان يەرگە بېرىشنى توغرا تېپىپتۇ. بولۇپمۇ ھېلىقى يىگىتنى كۆرۈپ بېقىشقا تاقەتسىزلىنىپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى ھەر خىل پەرداز بۇيۇملىرى بىلەن بېزەپ، يارىشىملىق كىيىملىرىنى كىيىپ، ئۈستىۋېشىغا خۇش پۇراقلىق مەدەنلەرنى سۈرۈپ، ئەينەككە قايتا ـ قايتا قاراپ، مېڭىشقا تەييارلىنىپتۇ. ئۇ ئىشىك تۈۋىگە چىققاندا بىردىنلا كارۋان بايۋەچچىنىڭ نەسىھىتىنى ئېسىگە ئاپتۇ ـ دە، ئۆيگە يېنىپ كىرىپ شاتۇتىدىن سوراپتۇ:

— ئەي شاتۇتى، كارۋان بايۋەچچە قازا قىپتۇ. ئۇ كۆز يۇمۇش ئالدىدا مېنى بىر ئاغىنىسىگە تاپشۇرۇپتۇ. ئۇ كىشى مېنى ئېلىپ كېتىشكە بۇ يەرگە كەپتۇ. شۇڭا، ئۇ كىشىنىڭ قېشىغا بېرىشقا سەندىن رۇخسەت سورايمەن. مەرھۇم كارۋان بايۋەچچە: «نېمە ئىش قىلماقچى بولساڭلار ئاۋۋال شاتۇتىدىن ئىجازەت سوراڭلار» دېگەنىدى...

— بارامىلا ـ بارمامىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىشى، — دەپتۇ شاتۇتى سىڭايان قاراپ، — نېمە ئىش قىلسىلا مەيلى.

— ئۇنداق دېمە، — دەپتۇ ئايال، — يا بارسىلا دە، يا بارمىسىلا دە.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ شاتۇتى، — زەرگەر بايۋەچچىنىڭ خوتۇنىنىڭكىدەك ئەقىللىرى بولسا بارسىلا.

— زەرگەر بايۋەچچىنىڭ خوتۇنى قانداق قىپتىكەن؟

— مانا مۇنداق قىپتىكەن، — دەپ سۆز باشلاپتۇ شاتۇتى، — بۇرۇن بىر شەھەردە زەرگەر بايۋەچچە دېگەن بىر زەرگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىر كۈنى ئۈنچە ـ مارجان، زىرە ـ مۇنچاق ئېسىقلىق دۇكىنىدا ئولتۇرسا، دۇكانغا يۈزىگە لېچەك سالغان بىر ئايال كىرىپ كەپتۇ. ئۇ ئايال ئۇنى ـ بۇنى ئالغۇزۇپ كۆرۈپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئايالنىڭ يۈزىدىكى لېچەك سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. زەرگەر قارىسا ئۇ پادىشاھنىڭ گۈزەل مەلىكىسى ئىكەن. زەرگەر بىلەن مەلىكىنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشقان ھامان مەلىكىنىڭ كۆزىدىن ۋاللىدە قىلىپ بىر ئوت چىقىپ، زەرگەرنىڭ يۈرىكىگە تۇتىشىپتۇ. مەلىكە ھاپىلا ـ شاپىلا لېچىكىنى ئېلىپ، يۈزىنى يېپىپتۇ ـ دە، ئۈندىمەستىن دۇكاندىن چىقىپ كېتىپتۇ. زەرگەر بايۋەچچە مەلىكىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ ـ قاراپ قاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ، يۈرىكى سىقىلغاندەك بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دۇكاننى تاقاپ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئىشىكتىن كىرىپلا: «ۋاي يۈرىكىم، ۋاي يۈرىكىم» دەپ مەيدىسىنى داق يەرگە يېقىپ يېتىپتۇ.

— نېمە بولدى بايۋەچچە؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇنى، — چىرايلىرى باشقىچە تۇرىدىغۇ؟

— نېمە بولاتتى؟ — دەپتۇ زەرگەر، — يۈ-

رىكىم كۆيۈشۈۋاتىدۇ.

— نېمىگە يۈرەكلىرى كۆيۈشۈۋاتىدۇ؟

زەرگەر بايۋەچچە دۇكاندا بولغان ئىشلارنى خوتۇنىغا بىرمۇبىر بايان قىلىپ بېرىپتۇ. خوتۇنى ئېرىنىڭ ئىشق بالاسىغا مۇپتىلا بولغانلىقىنى پەملەپتۇ ـ دە:

— ئەي بايۋەچچە، سىلىنىڭ يۈرەكلىرىگە مەلىكىنىڭ ئىشق ئوتى چۈشۈپتۇ. مەلىكىنىڭ ئايدەك جامالىنى كۆرمىسىلە، يۈرەكلىرى شىپا تاپمىغاي. شۇڭا، سىلى بېرىپ ئوردىنىڭ ئالدىدا كۈتۈپ تۇرسىلا. بەلكىم مەلىكە راۋاق ئۈستىگە چىقىشى مۇمكىن، شۇ چاغدا سىلى مەلىكىنى كۆرەلەيدىلا، — دەپتۇ.

زەرگەر بايۋەچچە دەرھال ئوردا ئالدىغا كەپتۇ. بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن دېگەندەك مەلىكە راۋاق ئۈستىدە پەيدا بولۇپ، پەستە ئولتۇرغان زەرگەر بايۋەچچىگە قاراپ يۈزىدىكى رومالنى ئاپتۇ. ئاندىن يانچۇقىدىن بىر ئەينەك ئېلىپ، پەسكە قارىتىپ ئاۋۋال ئوڭ يۈزىنى، ئاندىن تەتۈر يۈزىنى كۆرسىتىپتۇ. ئارقىدىن چەينەكتىكى سۇنى گۈلگە قۇيۇپتۇ. ئاخىردا يانچۇقىدىن بىر تارغاق ئېلىپ، چىشلىرىنى سۇندۇرۇۋېتىپ كىرىپ كېتىپتۇ. زەرگەر بايۋەچچە ھېلى چىقار، ھېلى چىقار دەپ ئېڭىكىنى يۆلەپ قاراپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، مەلىكە چىقماپتۇ. راۋاققا تولا قاراپ بويىنىغا قوقاق تۇرۇپ قالغان بايۋەچچە كەچ كىرگەندە ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ ۋە خوتۇنىغا يۈز بەرگەن ئىشلارنى تولۇق ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— مەلىكىنىڭ ئەينەك كۆرسەتكىنى، گۈلگە سۇ قۇيۇشى، تارغاقنىڭ چىشىنى سۇندۇرۇشلىرىدىن بىرنەرسە چۈشەنمىدىڭلىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇنى.

— نېمىنى چۈشىنەتتىم، خوتۇن؟ — دەپتۇ زەرگەر بايۋەچچە.

— چۈشەنمىگەن بولسىلا، مەلىكىنى يادلىرىدىن چىقىرىۋەتسىلە.

— ۋاي ئوبدان خوتۇن، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ زەرگەر، — دەپ بېقىڭلا، مەلىكىنىڭ قىلغانلىرىنىڭ مەنىسىنى سىلى بىلدىڭلىمۇ؟

— ياق.

— ياق ئەمەس خوتۇن، چوقۇم سىلى بىر نەرسىنى بىلىپسىلە.

ئېرىنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتقان خوتۇنى شۇنداق دەپتۇ:

— مەلىكىنىڭ ئاۋۋال ئەينەكنىڭ ئوڭ يۈزىنى كۆرسىتىپ، كېيىن تەتۈر يۈزىنى كۆرسىتىشى كۈندۈزى كەپسىز، كۈندۈزى كەلمەي كېچىسى كېلىڭ دېگىنى. گۈلگە سۇ قۇيۇشى باغ ئىچىدىكى گۈللۈككە سۇ كېلىدىغان ئېرىقنى ياقىلاپ كەلسىڭىز، مېنى تاپىسىز دېگىنى. تارغاقنىڭ چىشىنى سۇندۇرۇشى باغقا سۇ كىرىدىغان سۇڭگۈچتىكى قوزۇقنى سۇندۇرۇۋەتسىڭىز، بىمالال كىرەلەيسىز دېگىنى...

— ۋاي نادانىنىڭ ئەقلى، شۇنىمۇ بىلمەپتىمەن. مەلىكە ناھايىتى بەلەن دەپتۇ، چاققان ماڭاي.

— بۇ ناھايىتى خەتەرلىك يول. بارمىسىلا قانداق؟ چۈنكى، باغقا كىرىپ گۈللۈكنى تېپىپ بارغان تەقدىردىمۇ، مەلىكە چىققۇچە ئويغاق ئولتۇرىدىغان گەپ. ئەگەر ئۇخلاپ قالسىلا مەلىكە سىلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

— مەيلى، — دەپتۇ زەرگەر بايۋەچچە، — ئارمانىغا يېتەلمىگەندىن ئۆلگەن ياخشى.

زەرگەر بايۋەچچە مەلىكىنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن خوتۇنىنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي، ئىشىكتىن چىقىپتۇ. ئۇ ئوردا بېغىنىڭ ئارقىسىدىكى ئېرىقنى ياقىلاپ كېلىپ، سۇڭگۈچتىكى قوزۇقلارنى سۇندۇرۇپ باغقا كىرىپتۇ ۋە گۈللۈككە بېرىپ، مەلىكىنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە، زەرگەر بايۋەچچە ئۇيقۇسى كېلىپ، زادى چىدىيالماپتۇ ـ دە، «بىردەم كۆزۈمنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالاي» دەپ كۆزىنى

يۇمۇپتۇ. بىر چاغدا كۆزىنى ئاچسا، ئەتراپ يورۇپ-يورۇق، ئاسماندا كۈن پارلاپ تۇرغان، ئېتىكىدە بىر سىقىم سوقا جىگدە تۇرۇپتۇ. بايۋەچچە قورققىنىدىن غال-غال تىترىگىنىچە ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۆيدە خوتۇنى ئۇنىڭ يولىغا تۆت كۆزى بىلەن قاراپ ئولتۇرغانىكەن. زەرگەر بايۋەچچە باغدا بولغان ئىشلارنى خوتۇنىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— ئۇخلىمىسىلا بولمامدۇ؟ — دەپتۇ خوتۇنى، — مەلىكە چىقىپتۇ ئەمەسمۇ!

— مەلىكە چىقىپتۇ؟! — دەپتۇ زەرگەر بايۋەچچە، — ئەستاغپۇرۇللا... ئەستاغپۇرۇللا، ئۇخلىماي ئولتۇرسام بوپتىكەن.

— خۇدايىم سىلىنى بىر ساقلاپتۇ، — دەپتۇ خوتۇنى، — مەلىكە سىلىگە رەھىم قىپتۇ. «ئىككىنچىلەپ بۇياققا كەلمەڭ، بۇ يەرگە كېلىمەن دەپ ئاۋارە بولغۇچە جىگدىڭىزنى يەڭ» دەپ ئېتەكلىرىگە جىگدە سېلىپ قويۇپتۇ...

— ھەي پوق يېگەننىڭ ئەقلى، — دەپ ئېڭىكىنى قامالاپتۇ زەرگەر بايۋەچچە، — ئۇخلىمىغان بولسام، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە! ئىسىت، ئىسىت ...

زەرگەر بايۋەچچە ئىچ-ئىچىدىن تۈگۈلۈپ يىغلاپ «ۋاي يۈرىكىم» دەپ يۈرىكىنى قامالاپ يەرگە مەيدىسىنى يېقىپ يېتىۋاپتۇ. گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەپتۇ. كەچ بولغاندا زەرگەر بايۋەچچە يەنە مەلىكە بىلەن كۆرۈشكىلى ماڭغانىكەن، خوتۇنى ئۇنىڭغا بۇ كېچە ھەرگىز ئۇخلاپ قالماسلىقنى قايتا-قايتا جېكىلەپتۇ.

زەرگەر بايۋەچچە تۈنۈگۈن كەلگەن يول بىلەن گۈللۈككە كېلىپ، مەلىكىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. يېرىم كېچە بوپتۇ. مەلىكە چىقماپتۇ. تاڭ سۈزۈلەرگە يېقىن بايۋەچچە قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىر چاغدا ئويغانسا، كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن، قوينىدا بىر جۈپ ياڭاق بىلەن بىر دانە تاش تۇرغان. بايۋەچچە يەنە ئالدى-ئارقىسىغا قارىماي ئۆيىگە كەپتۇ ھەمدە خوتۇنىغا ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ.

— مەلىكە بۇ قېتىممۇ سىلىگە رەھىم قىپتۇ، — دەپتۇ خوتۇنى، — مەلىكە بۇ كېچىمۇ گۈللۈككە چىقىپتۇ. ئۇخلاپ ياتقانلىرىنى كۆرۈپ، «كىچىك بالا ئىكەنلا، بۇ يەرگە كېلىمەن دېگۈچە ياڭاق چېقىپ يەپ ئوينىسىلا» دەپ قوينۇلىرىغا ياڭاق سېلىپ قويۇپتۇ. ئەمدى ئۇ يەرگە بارمىسىلا.

— ياق، ئۆلسەممۇ مەيلى، مەلىكىنىڭ رۇخسارىنى كۆرمىگۈچە ھەرگىز بولدى قىلمايمەن، — دەپتۇ بايۋەچچە.

ئۈچىنچى كۈنىمۇ بايۋەچچە كەچكىچە يەردە دۈم يېتىپتۇ.

خوتۇنى: «ئېرىم بۈگۈن باغقا بېرىپ، يەنە ئۇخلاپ قالسا، مەلىكە بۇ قېتىم ھەرگىز يۈز-خاتىر قىلماي، ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپتۇ-دە، بايۋەچچە مېڭىشقا تەمشەلگەندە: «بۇ كېچە ئۇخلىماي ئولتۇرسىلا، مەلىكە بىلەن چوقۇم ئۇچرىشىدىلا. ئۇنىڭ بەدىنى ئىنتايىن يۇمشاق، ئۇنىڭ بەدىنىنى تاتىلىۋەتمىسىلە يەنە، كەلسىلە تىرناقلىرىنى ئېلىپ قوياي» دەپتۇ. بايۋەچچە قولىنى ئۇزىتىپتۇ. خوتۇنى تىرناق ئالغان بولۇپ ئۇنىڭ چىمچىلاق قولىنى قەستەن كېسىۋېتىپتۇ. بايۋەچچىنىڭ قولىدىن قان ئېقىشقا باشلاپتۇ. زەرگەر بايۋەچچە:

— ۋايجان، ۋاي قولۇم ... — دەپ ۋايساشقا باشلاپتۇ.

— تىغلىق ئەسۋاب كېسىۋەتكەن يەرگە تۇز سۈركىسە ئاغرىق پەسىيىدۇ، — دەپتۇ خوتۇنى ۋە ئېرىنىڭ قولىغا تۇز سۈركەپتۇ. ئەسلىدە خوتۇنى ئېرىنىڭ بۈگۈن كېچىمۇ ئۇخلاپ قېلىپ، ھاياتىغا خەۋپ يېتىشتىن ئەنسىرەپ شۇنداق قىلغانىكەن. تۇز سېپىلگەندىن كېيىن، بىر ئاغرىق مىڭ بوپتۇ. زەرگەر بايۋەچچە قولىنى تۇتقىنىچە پادىشاھنىڭ بېغىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ گۈللۈكتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uygurkitap.com

مەلىكىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ كېچە ئاغرىق دەستىدىن ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمەپتۇ. تاڭ ئاتارغا يېقىن مەلىكە قىلىچ كۆتۈرگىنىچە گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۇپىدا ئولتۇرغان زەرگەر بايۋەچچىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. زەرگەر بايۋەچچە مەلىكىنىڭ قولىدىكى قىلىچنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ. مەلىكە قولىدىكى قىلىچنى يەرگە تاشلىۋېتىپ، زەرگەر بايۋەچچىنى ئۆز يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. بايۋەچچە مەلىكىگە يېقىن ئولتۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىيلەن ۋىسال شەربىتىدىن قانغۇچە ئىچىشىپ، تەڭلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئالدىنقى كۈنى پادىشاھ شىكارغا چىقىپ كەتكەنىكەن. ئۇ مېڭىش ئالدىدا ئوردا بېگىگە ئوردا ئىچى ۋە چارباغدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى ئالاھىدە تاپىلىغانىكەن. شۇڭا، ئوردا بېگى ئەتىگەندە باغنى چارلاۋېتىپ گۈللۈككە كەپتۇ. قارىسا مەلىكە بىر ئەر كىشى بىلەن قۇچاقلىشىپ ئۇخلاۋاتقۇدەك.

ئوردا بېگى: «نېمىدېگەن شەرمەندىچىلىك بۇ» دەپ پېشانىسىگە پاققىدە بىرنى قويۇپتۇ ـ دە، ئۇلارنى ئويغىتىپ، ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن ئاپىرىپ زىندانغا تاشلاپتۇ. زىندان بېگىگە پادشاھ كەلگۈچە بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنماسلىقنى جېكىلەپتۇ...

زىنداندا مەلىكە زەرگەر بايۋەچچىدىن سوراپتۇ:

ـــ باغقا كىرىش، مەن بىلەن كۆرۈشۈش يوللىرىنى ئۆزلىرى بىلىپ كەلگەنمۇ ياكى بىرەر كىشى ئەقىل كۆرسەتكەنمۇ ؟

ـــ مەن قانداقمۇ ئۆزۈم بىلىپ كېلەي، مەلىكەم، ـــ دەپتۇ بايۋەچچە، ـــ بۇ ئىشتا ماڭا ئەقىل كۆرسەتكەن كىشى مېنىڭ خوتۇنۇم بولىدۇ.

ـــ ئۇنداق بولسا، بىز زىنداندىن قۇتۇلدۇق، ـــ دەپتۇ مەلىكە خۇشال بولۇپ. ئۇ دەرھال ئىشكىباقارنى چاقىرىپ، قولىغا ئىككى تىللا تۇتقۇزۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا زەرگەر بايۋەچچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، دەرۋازىغا تاش بىلەن ئىككىنى ئۇرۇپ، بىر جۈپ تاشنى ھويلا ئىچىگە تاشلىۋېتىپ ئالدى ـ كەينىگە قارىماي يېنىپ كېلىشنى ئېيتتىپتۇ.

بۇ كۈنى زەرگەر بايۋەچچىنىڭ خوتۇنى ئېرى كەلمىگەندىن كېيىن، غەم ـ غۇسسىگە چۆكۈپ ئوچاق ئالدىدا ئىككى قولى بىلەن پېشانىسىنى قامالالپ ئولتۇرغانىكەن، تۇيۇقسىز دەرۋازا ئۇرۇلۇپ، ھويلىغا بىرنەرسە چۈشۈپتۇ. زەرگەر بايۋەچچىنىڭ خوتۇنى چىقىپ قارىسا ئادەم يوق، ھويلىدا بىر جۈپ تاش تۇرغان. بۇنىڭدىن ئۇ ئېرى بىلەن مەلىكىنىڭ زىندانغا چۈشكىنىنى پەملەپ، قەدىناس ئېرىگە ئىچ ئاغرىتىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن يىغىسىنى توختىتىپ، قازان ئېسىپ پولۇ ئېتىپتۇ. بىر لېگەنگە پولۇ ئۇسۇپ، ئۈستىگە گۆش بېسىپ داستىخاندا يۆگەپ ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئوردا ئىشىكىنى ئىككى ياساۋۇل بېقىپ تۇرغانىكەن. ئايال ئۇلارغا:

ـــ بەگلىرىم، بۇ بىر لېگەن پولۇنى زىنداندىكى گۇناھكارلارغا سەدىقە قىلىپ چىقىشىمغا يول قويغان بولسىلا. مەن تۇل ئولتۇرۇپ قالغاندىم. باشقىلاردىن «ئەر ئالمىغان خوتۇن كىشى تۈرمىدىكى گۇناھكارلارغا سەدىقە بېرىپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئالسا ئەرگە تەگكەي» دەپ ئاڭلىغاندىم. شۇڭا، مېنى مۇرادىمغا يەتكۈزگەن بولۇشسىلا ! ـــ دەپ يالۋۇرۇپ يىغلامسىراپتۇ.

ياساۋۇللار بېشىغا رومال ئارتىلغان بۇ ئايالنىڭ تۇل ئايال ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ ـ دە، ئۇنى زىندانغا كىرگۈزۈۋېتىپتۇ. ئۇ زىندانغا كىرگەندىن كېيىن، ئاۋۋال ئېرى بىلەن مەلىكىنىڭ قورسىقىنى توقلاپتۇ. ئاندىن زەرگەر بايۋەچچىگە ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ، داستىخاندىن ئەمچەك ياساپ مەيدىسىگە تاقاپ، لېگەننى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، ئايال كىشىگە ئوخشاش دەسسەپ مېڭىشنى تاپىلاپ، ئوردا ئىشىكىگە ئەۋەتىپتۇ. بايۋەچچە ئىشىك ئالدىغا كەپتۇ:

— قانداق، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئالدىلىمۇ؟ — دەپتۇ ياساۋۇللار.

— خوش بېگىم، خوش، — دەپتۇ زەرگەر بايۋەچچە ئايال كىشىنى دوراپ ۋە كالتە قەدەملەر بىلەن يولىغا راۋان بوپتۇ.

— پات ـ پات كېلىپ تۇرسىلا، — دەپتۇ ياساۋۇللار، — پېشانىلىرىدە بولسا ئەر چىقىپ قالار.

ئۇلار بايۋەچچىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن پادىشاھ شىكاردىن قايتىپ كەپتۇ.

— داد، پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ ئوردا بېگى تەخت ئالدىغا بېرىپ، — جىددىي بىر ئىش بار ئىدى، ئېيتاي دېسەم تىلىم كۆيىدۇ، ئېيتماي دېسەم دىلىم كۆيىدۇ.

— ئېيت! — دەپتۇ پادىشاھ.

— سىلى شىكارغا چىقىپ كېتىپ، ئەتىسى سەھەردە باغنى چارلىغىلى چىقسام، مەلىكە ناتونۇش بىر ئەركىشى بىلەن قۇچاقلىشىپ يېتىپتۇ.

— نېمە دىدىڭ؟! — دەپتۇ پادىشاھ دەرغەزەپكە كېلىپ.

— مەلىكە بىر ئەر كىشى بىلەن زىناخورلۇق قىپتۇ!

— ئۇلار ھازىر نەدە؟! — دەپ ۋاقىراپتۇ پادىشاھ.

— ئۇلار ھازىر زىنداندا، — دەپتۇ ئوردا بېگى.

— جاللات! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ. شۇ ھامان ئوڭ ياندىن يەتتە جاللات، سول ياندىن يەتتە جاللات قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ چىقىپ كەپتۇ.

— مېنى شەرمەندە قىلغان ئاشۇ ھاياسىز قىز بىلەن ئوردامغا ئوغرىلىقچە كىرىشكە پېتىنغان مەلئۇن دەرھال چېپىلسۇن!

جاللاتلار مەلىكە بىلەن ھېلىقى «ئەر»نى ھەيدەپ كېلىش ئۈچۈن زىندانغا بېرىپتۇ.

— بىزنى قەيەرگە ئاپىرىسىلەر؟ — دەپتۇ مەلىكە.

— قەيەرگە ئاپىرىدىغىنىمىزنى ھازىر بىلىشىسەن، تېز مېڭىش! — دەپتۇ جاللاتلار ئۇلارنى ئىتتىرىپ.

— نېمە ئىش قىلساڭلار، ئاۋۋال گۇناھىمىزنى دەپ بېرىپ، ئاندىن قىلمامسىلەر؟ — دەپتۇ مەلىكە، — بىزنىڭ زادى نېمە گۇناھىمىز بار؟

— «ئىشتانغا چىققان كۆكۈلگە ئايان» دېگەندەك، گۇناھىڭلار ئۆزۈڭلارغا ئايانغۇ؟ — دەپتۇ جاللاتلار.

— بىز ھېچقانداق گۇناھ قىلمىدۇق.

— ئىككىڭلار زىنا قىپسىلەرغۇ؟!

— ئىككىلىمىز ئايال كىشى تۇرساق قانداقمۇ زىنا قىلغان بولىمىز؟ بىز گۇناھسىز! — دەپتۇ مەلىكە.

جاللاتلار دەرھال پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مەلىكىنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزۈپتۇ.

پادىشاھ ئۇلارنى تەكشۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. جاللاتلار مەلىكە بىلەن زەرگەر بايۋەچچىنىڭ خوتۇننى ئايرىم ئۆيگە ئەكىرىپ تەكشۈرۈپتۇ. دېگەندەك، ئىككىلىسى ئايال كىشى چىقىپتۇ. مەلىكە جاللاتلارغا باغدا قەدىناس دوستى بىلەن تۇرغىنىدا ئوردا بېگى ئۆزلىرىنى ناھەق قارىلاپ، زىندانغا سالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ خەۋەر پادىشاھقا يەتكەندىن كېيىن، پادىشاھ:

— ئۇنداقتا، مەندىن تەپتارتماي قىزىمغا بوھتان چاپلىغان ئوردا بېگى چېپىلسۇن! — دەپ ئەمر قىپتۇ. شۇ ھامان ئوردا بېگى ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ مەلىكە بىلەن زەرگەرنىڭ ئايالى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

شاتۇتى ھېكايىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، كارۋان بايۋەچچىنىڭ ئايالىغا قاراپ دەپتۇ:

— ئەنە شۇنداق زەرگەر بايۋەچچىنىڭ ئايالىنىڭكىدەك ئەقىللىرى بولسا بارسىلا.

— ئۇ خوتۇننىڭكىدەك ئەقىل مەندە نېمە قىلسۇن؟ — دەپتۇ كارۋان بايۋەچچىنىڭ خوتۇنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ شاتۇتى، — سىدىيىپ كىرىپ ئۇخلىسىلا.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئايال موماينىڭ ئۆيىگە بارماپتۇ.

ئەتىسى ئاشۋاقتى بىلەن موماي دوتخاقلاپ يېتىپ كەپتۇ ـ دە، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي:

— ئادەم سىزدەك ئەخمەق بولامدۇ؟ شۇنچە كېلىشكەن يىگىت شۇنچە يىراق يەردىن سىزنى دەپ كەلسە، سىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بارمىغىنىڭىز نېمىسى؟ ئۇ يىگىتنىڭ ھۆسن ـ جامالىغا، قەددى ـ قامىتىگە گەپ سىغمايدۇ. ئۇ يىگىتنى قولدىن چىقىرىپ قويسىڭىز، ئىككىنچى ئۇنداق ئادەمنى تېپىشىڭىز تەس .... — دەپ كارۋان بايۋەچچىنىڭ خوتۇننى يىگىت بىلەن كۆرۈشۈشكە قىزىقتۇرۇپتۇ.

بۇ سۆزلەردىن كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر ئوي كەلگەن كارۋان بايۋەچچىنىڭ خوتۇنى بۈگۈن چوقۇم يىگىت بىلەن كۆرۈشكىلى بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. موماي كەتكەندىن كېيىن، ئۇ چىرايلىق ياسىنىپ ئىشكتىن چىقىپتۇ. چىقىپتۇيۇ، شاتۇتىدىن ئىجازەت سوراش ئۈچۈن يېنىپ كىرىپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەي شاتۇتى، كارۋان بايۋەچچە بارغان يېرىدە قازا قىلىپ، ئۇنىڭ ئاغىنىسى مېنى ئۆزىنىڭ نىكاھىغا ئالغىلى كەپتۇ. مەن بارايمۇ ياكى بارمايمۇ؟

— قانداق قىلسىلىرى ئىختىيارلىرى، — دەپتۇ شاتۇتى كەينىنى قىلىپ.

— مەرھۇم كارۋان بايۋەچچە ماڭا ھەرقانداق ئىشتا سەندىن ئىجازەت سوراشنى تاپىلىغانىدى، سەن بۇنىڭغا كېسىپلا جاۋاب بەر.

— ياغاچچى باينىڭ كېلىنىنىڭكىدەك ئەقىللىرى بولسا بارسىلا، — دەپتۇ شاتۇتى.

— ياغاچچى باينىڭ كېلىنى قانداق قىپتىكەن؟

— مانا مۇنداق قىپتىكەن، — دەپ سۆز باشلاپتۇ شاتۇتى، — بۇرۇنقى زاماندا ياغاچچى باي دەپ ئاتالغان بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. بۇ ئادەم ئوغلىغا خوتۇن ئېلىپ بېرىدىكەن ـ دە، ئەتىسى ئەتىگەندە تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى توغقانلىرىنى يوقلاپ كېلىمىز دەپ ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ سەپەرگە چىقىدىكەن. ئۇلار ماڭا ـ ماڭا تاغ تۈۋىگە كەلگەندە، دادىسى بالىسىغا: «ئوغلۇم تاغنى كەس» دەيدىكەن. «دادا، تاغنى قانداقمۇ كەسكىلى بولسۇن ؟» دەيدىكەن ئوغلى. «ئۇنداق بولسا قايتىپ كېتەيلى» دەيدىكەن باي. ئۇ ئۆيگە كېلىپلا ئوغلىغا خوتۇنىنىڭ سۆزىنى بەرگۈزۈۋېتىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇ باي ئوغلىغا ئوتتۇز توققۇز خوتۇن ئېلىپ بېرىپتۇ. لېكىن، ئوغلى ھەر قېتىم دادىسىنىڭ «تاغنى كەس» دېگەن گېپىگە «تاغنى قانداق كەسكىلى بولىدۇ ؟» دەپ جاۋاب بەرگەچكە، دادىسى ئۇنى ھېچقايسى خوتۇنى بىلەن كېلىشتۈرمەپتۇ.

بىر كۈنى باي: «ئوغلۇمغا ئوتتۇز توققۇز خوتۇن ئېلىپ بېرىپتىمەن. بۇنىڭغا نۇرغۇن ۋەج ـ ئوقەت كېتىپتۇ. مۇشۇنداق قىلىۋەرسەم، ھەممە نەرسەمدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئوخشايمەن. شۇڭا، بۇ قېتىم يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىپ، ئوغلۇمغا ئەقىل ـ ھوشى جايىدا، مىجەز ـ خۇلقى بەلەن خوتۇن ئېلىپ بەرسەم بولغۇدەك» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئوغلىغا بىر قارا قوينى باغلاپ بېرىپ، ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، پۇلىغا ئۆيدىكىلەرگە كىيىملىك سېتىۋېلىپ، قوينى يەنە ياندۇرۇپ ئەكېلىشنى تاپىلاپ بازارغا يولغا ساپتۇ.

يىگىت قوينى يېتىلىگىنىچە يول بويى: «قوينى ساتىمەن، پۇلىغا ئاتا ـ ئانامغا، ئۆكىلىرىمغا كىيىملىك سېتىۋېلىپ، قوينى يەنە ياندۇرۇپ كېتىمەن !» دەپ توۋلاپ مېڭىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇنى زاڭلىق قىلىپ كولۇشۇپتۇ. بىر توپ بالىلار ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋاپتۇ. يىگىت يەنىلا: «قوينى ساتىمەن، پۇلىغا ئاتا ـ ئانامغا، ئۆكىلىرىمغا كىيىملىك سېتىۋېلىپ قوينى يەنە

ئېلىپ كېتىمەن» دەپ توۋلاپ مېڭىۋېرىپتۇ. بىراق، قوينى ئالىدىغان ئادەم چىقماپتۇ. بىر ناۋاي شاگىرتلىرى بىلەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، يىگىتنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ. ناۋاينىڭ بويىغا يېتىپ قالغان بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىچكەركى ئۆيدىن چىقىپ قارىسا، قوي يېتىلىۋالغان بىر يىگىت: «قوينى ساتىمەن، پۇلىغا ئاتا - ئانامغا، ئۇكىلىرىمغا كىيىملىك سېتىۋېلىپ، قوينى يەنە ئېلىپ كېتىمەن» دەپ توۋلاپ كېلىۋېتىپتۇ. بىر توپ بالىلار ئۇنى زاڭلىق قىلىپ كەينىگە كىرىۋاپتۇ. ھەممە ئادەم ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشۈۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قىز دەرھال:

— دادا، قوي يېتىلىۋالغان ئاۋۇ يىگىتنى چاقىرىڭ، — دەپتۇ. ناۋاي يىگىتنى چاقىرىپتۇ.

— يىگىت، — دەپتۇ قىز، — قوينى ساتماي تۇرۇپ، ئۆيىڭىزدىكىلەرگە قانداقمۇ كىيىملىك سېتىۋالالايسىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە قوينى قايتۇرۇپ ئەكەتمەكچىكەنسىز.

— بۇنىڭ ئامالىنى قىلغىلى بولارمۇ؟ — دەپتۇ. قىز گەپ قىلمايلا ناۋايخانىغا كىرىپ قايچا ئېلىپ چىقىپ، يىگىتنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. يىگىت ھەيران بولۇپ:

— بۇنى نېمە قىلىمەن؟ — دەپتۇ.

قىز يىگىتنى قوينىڭ يۇڭىنى قىرقىشقا بۇيرۇپتۇ. يىگىت قوينى قىرقىپ، يۇڭلىرىنى بىر يەرگە دۆۋىلەپتۇ. قىز يىگىتكە قوينىڭ يۇڭىنى سېتىپ، پۇلىغا كىيىملىك ئېلىپ، قوينى قايتۇرۇپ كېتىشنى ئېيتىپتۇ. يىگىت قىزنىڭ دېگىنى بويىچە، يۇڭنى سېتىپ، پۇلىغا ئۆيدىكىلەرگە كىيىملىك سېتىۋېلىپ، قوينى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ ھەمدە بولغان ئىشلارنى دادىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. باي بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، ئەتىسىلا ئەلچى ئەۋەتىپ ناۋاينىڭ قىزىنى ئوغلىغا ئۆيلەپ قويۇپتۇ. توي ئاخشىمى يىگىت قىزغا دادىسىنىڭ ئادىتىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. قىز ئېرىگە: « دادىڭىزنىڭ تاغنى كەس دېگىنى — قورساق ئاچتى دېگىنى، شۇڭا سىز دادىڭىز شۇ گەپنى قىلغاندا، ئالدىغا غىزا قويۇڭ. شۇندىلا ئۇ ئىككىمىزنى ئاجراشتۇرۇۋەتمەيدۇ» دەپ ئەقىل ئۆگىتىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەن باي ئادىتى بويىچە ئوغلىنى ئەگەشتۇرۇپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. تاغ تۈۋىگە كەلگەندە باي:

— ئوغلۇم تاغنى كەس ! — دەپتۇ.

— دادا، ئاۋۋال قورسىقىمىزنى توقلىۋالايلى، — دەپتۇ ئوغلى ۋە خۇرجۇندىكى سامسىلارنى ئېلىپ دادىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. دادا - بالا قورساقلىرىنى تويغۇزغاندىن كېيىن، تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ. تاغ يېرىملاشقانىكەن، باي يەنە:

— ئوغلۇم تاغنى كەس ! — دەپتۇ.

— قورسىقىمىزنى توقلىۋالايلى، — دەپتۇ ئوغلى ۋە خۇرجۇندىن غىزا ئېلىپ، داستىخان سايتۇ. قورسىقى تويغان باي ئورنىدىن تۇرۇپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، باي ئوغلى بىلەن تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بىرنەچچە كۈن تاماشا قىلىپ قايتىپ كەپتۇ. ئوغلى ناۋاينىڭ قىزى بىلەن ئۆمۈرلۈك ئەر - خوتۇن بوپتۇ.

شاتۇتى سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، كارۋان بايۋەچچىنىڭ خوتۇنىغا قاراپ:

— خېنىم، ياغاچچى باينىڭ كېلىنىدەك ئەقىللىق بولسا بارسىلا، — دەپتۇ.

— ياغاچچى باينىڭ كېلىنىنىڭ ئەقلىدەك ئەقىل مەندە نېمە قىلسۇن؟ — دەپتۇ ئايال مەيۈسلىنىپ.

— ئۇنداق بولسا سىيىپ كىرىپ ئۇخلىسىلا، — دەپتۇ شاتۇتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئايال بۇ قېتىممۇ ھېلىقى يىگىت بىلەن كۆرۈشكىلى بارالماپتۇ.

ئەتىسى موماي كارۋان بايۋەچچىنىڭ ئۆيىگە چالۋاقىغان پېتى كىرىپ كەپتۇ:

— يامانغا قارىغان ئىسسىت كۆزۈم، نادانغا ئېيتقان ئىسسىت سۆزۈم... شۇنداقمۇ غەرەز ئۇق-

مايدىغان ئادەم بولامدۇ ؟ شۇنداق نوچى يىگىتنى بۇ شەھەردىن ھەرقانچە ئىزدەپمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. ھېچبولمىسا مەرھۇم ئېرىڭىزنىڭ يۈزىنى قىلمامسىز؟ ئۇ زات سىزنى ئاشۇ يىگىتكە تاپشۇرغان تۇرسا...

موماي كۆپ سۆزلەپتۇ. كارۋان بايۋەچچىنىڭ خوتۇنى بۈگۈن كەچتە چوقۇم بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. موماي ئۇنى ھەرگىز ئىككىلەنمەسلىككە ئۈندەپ قايتىپ كېتىپتۇ.

كەچ كىرىپتۇ. ئۇ ئايال ياسىنىپ – تارىنىپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپتۇ، لېكىن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئۆيگە كىرىپ شاتۇتىدىن يەنە سوراپتۇ:

— كارۋان بايۋەچچە قازا قىپتۇ. مەرھۇمنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە مېنى بىر كىشى ئۆز ئەمرىگە ئېلىشقا كەپتۇ. مەن ئۇ ئادەمنىڭ قېشىغا باردمەنمۇ، يوق ؟

— قانداق قىلسىلا مەيلى، — دەپتۇ شاتۇتى تەتۈر قاراپ.

— كارۋان بايۋەچچە يولغا چىقىش ئالدىدا ماڭا ھەرقانداق ئىشتا سەندىن ئىجازەت سوراشنى تاپىلىغانىدى. يا بارسىلا دە، يا بارمىسىلا دە.

— سودىگەر بايۋەچچىنىڭ خوتۇنىدەك ئەقىللىق بولسىلا بارسىلا، — دەپتۇ شاتۇتى.

— سودىگەرنىڭ خوتۇنى قانداق قىپتىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ كارۋان بايۋەچچىنىڭ خوتۇنى.

شۇنىڭ بىلەن شاتۇتى يەنە سۆز باشلاپتۇ:

— بۇرۇن بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئادەم خوتۇن ئالىدىكەن – دە، ھەر ئەتىگىنى بامدات نامىزىدىن قايتىپ كىرىپلا، خوتۇنىنى بەتىنىكە بىلەن ئىككىنى ئۇرىدىكەن. خوتۇنى بۇنىڭغا چىدىماي، سودىگەردىن ئاجرىشىپ كېتىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئوتتۇز توققۇز خوتۇنغا ئۆيلىنىپتۇ، لېكىن ھېچقايسىسى بىلەن ئۆي تۇتماپتۇ. سودىگەر ئاخىر قىرىقىنچى خوتۇنغا ئۆيلىنىپتۇ. بۇ خوتۇن ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەن. توي بولۇپ ئەتىسى ئەتىگەندە سودىگەر مەسچىتتىن كىرىپلا ئادىتى بويىچە بەتىنىكىسىنى سېلىپ، خوتۇنىنى ئۇرماقچى بوپتۇ. خوتۇنى چەبدەسلىك بىلەن سودىگەرنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ:

— نېمە قىلماقچى سىلى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇرىمەن.

— نېمىشقا ئۇرىلا؟

— مېنىڭ ئاشۇنداق ئادىتىم بار.

— قانداق ئادەتكەن ئۇ، بىكاردىن – بىكار كىشىنى ئۇرىدىغان؟ — دەپتۇ خوتۇنى.

ئېرى بۇ خوتۇنىنىڭ ئاۋۋالقى خوتۇنلىرىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى پەملەپتۇ – دە، قولىنى يىغىپ دەپتۇ:

— مەن سودىگەر، ھەمىشە ئۆيدە تۇرالمايمەن. ئۆيدە بار چاغدا مۇشۇنداق ئۇرسام، سەن مەن يوق چاغدا مەندىن قورقۇپ، زىنا – ھارامغا يېقىن يولىمايسەن.

— مۇنداق قىلسىلا، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ خوتۇنى، — مەن سىلىگە ھەرگىز خىيانەت قىلمايمەن. سىلى مەندىن خاتىرجەم بولۇپ سودىگەرچىلىككە مېڭىۋەرسىلە. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەندىن بىرەر يامان ئىشنىڭ شەپىسىنى سەزسىلە قانچىلىك ئۇرسىلا مەيلى.

سودىگەر بايۋەچچە خوتۇنىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ، خاتىرجەم ھالدا سودا – سېتىق قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ ماڭا – ماڭا ئۇزۇن بىر سايىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان دەڭگە كېلىپ چۈشۈپتۇ. بۇ دەڭنىڭ ئىگىسى جادۇگەر ئايال ئىكەن. ئۇ دەڭگە چۈشكەن كىشىلەرنى قىمار ئويناشقا قىزىقتۇرىدىكەن. ئۇ بىر قاپاققا چاشقان سولاپ، ناھايىتى ئىنچىكە يىپ بىلەن چىگىپ، قاپاقنى يوشۇرۇپ قويىدىكەن. ئۇنىڭ يەنە بىر ئالا مۈشۈكى بولۇپ، قىمار ئوينىغاندا، چىراغنى ئاشۇ مۈشۈكنىڭ بېشىغا ئېلىپ قويىدىكەن. ئەگەر جادۇگەر ئايالنىڭ ئاتقان ئوشۇقى ئوڭدىسىغا چۈشسە، مۈشۈك جىم تۇرىدىكەن. ئەگەر ئۇ قىماردا ئۇتتۇرۇپ قويغۇدەك بول-

سا، قاپاقتا چىگىلگەن شوينىنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي تارتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن قاپاق كولدۇرلاپ، مۈشۈك چاشقان شەپىسى كەلگەن تەرەپكە ئېتىلىدىكەن – دە، چىراغ ئۆرۈلۈپ ئەتراپىنى قاراڭغۇلۇق باسىدىكەن. شۇنداق قىلىپ قىمار ئاخىرلىشىدىكەن. قىماردىن كېيىن مېھمانلار مەي ئىچىشكە تەكلىپ قىلىنىدىكەن. مەيخورلۇق باشلانغاندا، جادۇگەر ئايال مېھمانلارنىڭ پىيالىسىگە تۇيدۇرماستىن ئەپسۇن ئوقۇلغان دورىنى سېلىۋېتىدىكەن. بۇ مەينى ئىچكەن ئادەم: «خىت، ئېشەك» دېسە ئېشەككە، «ئۆش، كالا» دېسە كالىغا ئايلىنىپ قالىدىكەن. بۇ جادۇگەر ئايال بۇ سارايغا چۈشۈپ قىمار ئوينىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك پۇل – بىساتىنى ئۇتۇۋالىدىكەن. ئۇزلىرىنى بولسا ھەرخىل ھايۋانلارغا ياكى قۇلغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، تاغ كەينىگە ئەۋەتىپ بېرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۇ جايدىن قايتىپ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

سودىگەر بايۋەچچىمۇ بارلىق پۇللىرىنى جادۇگەر ئايالغا ئۇتتۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭغا قۇل بوپتۇ ۋە تاغ كەينىگە ئەۋەتىلىپتۇ.

سودىگەر بايۋەچچىنىڭ خوتۇنى ئېرىنى نەچچە كۈن كۈتۈپتۇ. بىراق، سودىگەر بايۋەچچە قايتىپ كەلمەپتۇ. بىر ئاي كۈتۈپتۇ، ئىككى ئاي كۈتۈپتۇ، تاكى ئالتە ئايغىچە سودىگەر بايۋەچچىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال ئېرىنىڭ ئىز – دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق قىلىپ، ئەرەنچە ياسىنىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئىزدە – ئىزدە ئېرىنىڭ ئۇزۇن سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقى سېھىرگەر ئايال تەرىپىدىن جادۇ قىلىنغانلىقىنى ئۇقۇپتۇ. ئۇ ئېرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۆپ ئىزدىنىپتۇ. ئاخىر جادۇگەر ئايالنىڭ بارلىق ھىيلە – مىكىرلىرىنى بىلىۋاپتۇ. ئۇ ھېلىقى دەڭگە كېلىپ، جادۇگەر ئايال بىلەن قىمار ئوينىماقچى بوپتۇ. جادۇگەر ئايال چىراغنى مۈشۈكنىڭ بېشىغا قويماقچى بوپتىكەن، رەت قىپتۇ. باشتىلا ھودۇققان جادۇگەر سودىگەر بايۋەچچىنىڭ خوتۇنىغا ئۇدا ئالتە قېتىم ئۇتتۇرۇۋېتىپ، پۇتۇن ۋەج – ئوقەتتىن ئايرىلىپ قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ سودىگەر بايۋەچچىنىڭ خوتۇنىدىن قىمارنى يەنە بىر نۆۋەت ئويناشنى تەلەپ قىپتۇ. بۇ قېتىم ئۇتتۇرۇپ قويسا، مەڭگۈ قۇل بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. جادۇگەر يەنە ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، ئۇ ئايالنى مەي ئىچىشكە تەكلىپ قىپتۇ. ئۇ پىيالىلەرگە مەي قۇيۇۋېتىپ سودىگەر بايۋەچچىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئالدىدىكى پىيالىگە ئەپسۇن ئوقۇلغان دورىنى قۇيۇۋېتىپتۇ. بۇنى تۇيۇپ تۇرغان ئايال جادۇگەرنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، تېزلىك بىلەن ئىككى پىيالىنى ئالماشتۇرۇۋېتىپتۇ. مەي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، جادۇگەر: «خىت، ئېشەك» دەپتۇ. قارىسا قارشىسىدىكى «كىشى» ئاۋۋالقىدەك تۇرۇپتۇ.

— خېنىم، نېمە دېگەنلىرى ئۇ؟ — دەپتۇ سودىگەرنىڭ خوتۇنى، — ئادەمنىمۇ ئېشەككە ئوخشاتقان بارمۇ؟ قېنى مەنمۇ بىر دەپ باقاي، خىت، ئېشەك !

جادۇگەر ئايال شۇ ھامان ئېشەككە ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ پۇتۇن مال – ۋارانلىرى سودىگەرنىڭ خوتۇنىغا قاپتۇ. ئۇ جادۇگەرنىڭ خىزمەتكارلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ تاغ كەينىدىكى يايلاققا بېرىپتۇ. قارىسا ھەددى – ھېسابسىز قوي، كالا، ئۆچكە، ئات، تۆگە... دېگەندەك ھايۋانلار ئوتلاپ يۈرۈپتۇ. ئۇ يەردە نۇرغۇن چارۋىچى بار ئىكەن. سودىگەرنىڭ خوتۇنى ئۇلاردىن:

— بۇ چارۋىلار كىمنىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھېلىقى جادۇگەر خوتۇننىڭ، — دەپتۇ چارۋىچىلار. چارۋىلارنىڭ كۆپىنچىسى جادۇ قىلىنغان ئادەملەر ئىكەن. چارۋىچىلار بولسا قىماردا ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، قۇللۇققا چۈشكەن ئادەملەر ئىكەن. ئۇ ئايال سودىگەر بايۋەچچىنى ئىزدە – ئىزدە بىر توپ قۇللار بىلەن ئېشەك بېقىپ يۈرگەن يېرىدىن تېپىپتۇ. قارىسا ئۇنىڭ ئادەم تەلەتى يوق، يۈزىنى ساقال، كۆزلىرىنى چاپاق باسقان، بېلى مۈكچەيگەن، ئۇستىۋېشى مەينەت، بۇرۇنقى

ئەپەندىن قىلچە ئەسەر يوق. سودىگەر بايۋەچچە خوتۇننى تونۇماپتۇ. ئۇ ئايال ئېرىگە تونۇشلۇق بېرىپ ئولتۇرماستىن، ھەممە ئادەمنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىپ، پۇل ـ بىساتلىرىنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. ئۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنى قۇللۇقتىن قۇتقۇزغان نىجاتكارىغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت ئېيتىپتۇ. سودىگەر بايۋەچچىنىڭ خوتۇنى ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆز ئۆيىگە قاراپ يول ئاپتۇ.

سودىگەر بايۋەچچە ئۆيىگە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يۇرتىدىكى ئېسىل كىيىنىپ، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك قايتىپ كەپتۇ. خوتۇنىمۇ ئۇنىڭدىن ئارتۇق گەپ سورىماپتۇ. ئەمما، سودىگەر ئەتىسى ئەتىگەندە مەسچىتتىن يېنىپ كېلىپلا بەتىنكىسىنى سېلىپ، خوتۇننى ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. خوتۇنى «ھاي ـ ھوي» دەپ بولغۇچە ئۇنى بىرمۇنچە ئۇرۇۋېتىپتۇ.

ـــ مېنى نېمىشقا ئۇرىلا؟ ـــ دەپ سوراپتۇ خوتۇنى.

ـــ سوراپ نېمە قىلىسىلە؟ بۇ مېنىڭ ئادىتىم!

سودىگەر توختىماستىن ئۇرۇۋېرىپتۇ. خوتۇنى سودىگەرنى مىڭ تەسلىكتە توختىتىپتۇ ـ دە، ھەممە گەپنى ئېيتىپ، ئۇنى يەرگە قارىتىپتۇ. سودىگەر خوتۇنىنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە نالايىق قىلمىشلىرىنى تاشلاپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆمۈرلۈك ھەمراھلاردىن بولۇپ قاپتۇ.

شاتۇتى ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ:

ـــ ئەي مەزلۇم، سودىگەرنىڭ خوتۇنىنىڭ ئەقلىدەك ئەقىللىرى بولسا بارسىلا، ـــ دەپتۇ.

ـــ ئۇ خوتۇننىڭكىدەك ئەقىل مەندە نېمە قىلسۇن؟ ـــ دەپتۇ كارۋان بايۋەچچىنىڭ خوتۇنى.

ـــ ئۇنداق بولسا سىيىپ كىرىپ ئۇخلىسىلا، ـــ دەپتۇ شاتۇتى.

شۇنداق قىلىپ، كارۋان بايۋەچچىنىڭ خوتۇنى بۈگۈن كەچتىمۇ ھېلىقى يىگىت بىلەن كۆرۈشكىلى بارماپتۇ.

دەللە موماي ھەركۈنى سوكۇلداپ كېلىپ، ھېلىقى يىگىتنى ماختاپ، ئۇ ئايالنى يىگىت بىلەن كۆرۈشۈشكە قىزىقتۇرىدىكەن. ئۇ ئايال باراي دەپ، ئىشىك ئالدىغا چىقسىلا، خۇددى بىرى ئۇنىڭ زىنى كەينىگە تارتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدىكەن ـ دە، يېنىپ كىرىپ شاتۇتىدىن ئىجازەت سورايدىكەن. شاتۇتى كارۋان بايۋەچچىنىڭ خوتۇنىغا ھەر ئاخشىمى بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرىپ، ئۇنى يىگىت بىلەن كۆرۈشكىلى بارغۇزمايدىكەن.

پادىشاھ بىلەن كارۋان بايۋەچچە بىر كۈنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەي ھېسابلاپ تۇرۇپتۇ. دەل قىرىق كۈن توشقان كۈنى كارۋان بايۋەچچە پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

ـــ ئۆزلىرىگە مەلۇم بولغاي، پادىشاھئالەم! بەلگىلەنگەن مۇددەت توشتى. قېنى، يا خوتۇنۇمنى كۆرسەتسىلە، يا ۋەدىلىرى بويىچە پادىشاھلىقنىڭ يېرىمىنى بەرسىلە، ـ دەپتۇ.

پادىشاھ يەنە بىر قۇر ھېسابلاپ چىقىپتۇ. دېگەندەك پۈتۈشكەن مۆھلەت توشۇپ قالغانىكەن. ئەۋەتكەن ئادەملىرىدىنمۇ تېخىچە خەت ـ خەۋەر يوق.

پادىشاھ ۋەدىسىگە ئاساسەن كارۋان بايۋەچچىگە پادىشاھلىقىنىڭ يېرىمىنى بەرمەكچى بوپتۇ. بىراق، كارۋان بايۋەچچە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىشكە تەقەززا بولۇپ تۇرغاچقا، پادىشاھتىن پادىشاھلىقىنىڭ يېرىمىنى ئالتۇن ـ كۈمۈشكە سۇندۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. پادىشاھ كارۋان بايۋەچچىنىڭ دېگىنى بويىچە، ئۇنىڭغا پادىشاھلىقىنىڭ يېرىمىغا توغرا كەلگۈدەك ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرىپتۇ. كارۋان بايۋەچچە چېكىسىگە گۈل قىسقان ھالدا ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، خوتۇنى بىلەن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

( رەتلىگۈچى يەكەن ناھىيىسىدىن )

( ئېيتىپ بەرگۈچى: يەكەن ناھىيە كاچۇڭ يېزىسىدىن خەبەر لىتىپ )

# ئاجايىپ ھۈنەر

(چۆچەك)

رەتلىگۈچى: پاتىگۈل ئابدۇل

بۇرۇنقى زاماندا بىر موماي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ھاشىم ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇلار پادىشاھنىڭ بېغىنى سۇغىرىش، گۈل - گىياھلىرىنى پەرۋىش قىلىش بىلەن جان باقىدىكەن.

ھاشىم ھەر قېتىم باغقا بارغاندا پادىشاھنىڭ كىچىك قىزى ئاي خېنىم سەيلە قىلىش باھانىسى بىلەن باغقا چىقىپ، ھاشىمنى گەپكە سېلىپ، مازاق قىلىپ كۆڭۈل ئاچىدىكەن، چۈنكى ھاشىمنىڭ بېشى تاز، چىشى كوماك ئىكەن. ئاي خېنىم ئۇنىڭ سەت تۇرقى بىلەن كۈلكىلىك گەپلىرىگە قىزىقىپ، ھاشىمغا ئەگىشىپ باغچىدا ئوينايدىكەن. بىچارە ئىشچان تاز ئاي خېنىمنىڭ بۇ قىلىقىنى يېقىنچىلىق دەپ بىلىپ، ھەرقانداق تەلپىنى ئورۇنداپ بېرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھاشىم تاز ئاي خېنىمغا كۆيۈپ قاپتۇ. شۇندىن ئېتىبارەن تازنىڭ روھى ھالىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىپتۇ. موماي ئوغلىغا سەپسېلىپ قارىسا ئوغلىنىڭ مىجەزى باشقىچىلا تۇرغۇدەك. نان، ئاشمۇ يېمىگۇدەك، گەپمۇ قىلمىغۇدەك، پەقەت يەرگە قاراپ ھاڭ قېتىپ تۇرغۇدەك. موماي ئوغلىنىڭ بۇ ھالىغا ھەيران بولۇپ، نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ.

ئوغلى ئانىسىغا ھالىنى ئېيتىپ يىغلاپتۇ. موماي چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ:

— جېنىمنىڭ ئوزۇقى، كۆزۈمنىڭ قارىسى بالام، ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ؟ جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ؟ ئاي خېنىم پادىشاھنىڭ قىزى، سەن بىر گادىينىڭ ئوغلى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلىدىغان ئىشىڭ مالايلىق تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بۇ كويغا چۈشكەنسەن، بۇ نىيىتىڭدىن يان. نېنىڭنى تىنچ يە، بۇ ئارزۇيۇڭنى ئىنسۇ جىنغا ئېيتما، — دەپ ئوغلىدىن كۆپ ئۆتۈنۈپتۇ. ئەمما، كۈن ئۆزارغانسېرى تازنىڭ ھالى خاراپ، باغرى كاۋاپ بولۇپ، چىدىغۇچىلىكى قالماپتۇ. ئاخىر موماينىڭمۇ ئوغلىغا ئىچى ئاغرىپ، بىر دەللالغا مەسلىھەت ساپتۇ. دەللال:

— بۇنى پادىشاھقا بىۋاسىتە دېيىش تولىمۇ مۈشكۈل. ئۆزلىرى ئۈچ كۈن بامداتتىن بۇرۇن مەسچىتنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈپ تازىلىسىلا. ئۈچىنچى كۈنى خۇدادىن تىلىسىلە، شۇ چاغدا خۇدا مەدەت قىلىپ تىلەكلىرىگە يەتكۈزسە ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ.

بۇ مەسلىھەت موماي بىلەن تازغا ناھايىتى

خوپ كەپتۇ. موماي مەسچىتنىڭ ئالدىنى ئىككى كۈن تازىلاپتۇ. ئەل ـ جامائەت بۇ ئىشتىن ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، مومايغا خۇدادىن ئۇزۇن ئۆمۈر، مۇشكۇلىگە ئاسانلىق تىلەپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە جامائەت نامازدىن يېنىپ، مومايىنىڭ يىغلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. پادىشاھ بىر ئاقساقالنى ئۇ مومايىنىڭ قانداق ئارزۇسى بارلىقىنى بىلىشكە بۇيرۇپتۇ. موماي ئارزۇسىنى ئېيتىپتۇ. ئاقساقال:

— ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، تەلەپلىرىڭنى پادىشاھقا ئېيتاي، — دەپتۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن پادىشاھ ئوردىسىدىن «ئەگەر مومايىنىڭ ئوغلى كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك ئاجايىپ ھۈنەر بىلسە، تەلىپىگە ماقۇل بولىمىز» دېگەن جاۋاب چىقىپتۇ.

موماي بۇ جاۋابتىن ئۈمىدسىزلىنىپ ئوغلىغا كايىپتۇ، ئوغلى بولسا ۋۇجۇدىغا كۈچ تولغاندەك جانلىنىپ، ئانىسىغا:

— يىگىت ھەرگىز يولىدىن قايتمايدۇ. چوقۇم مۇرادىمغا يېتىمەن، — دەپتۇ ـ دە، بىر سېھىرگەرگە شاگىرتلىققا كىرىپتۇ.

سېھىرگەرنىڭ ئىسمى قاسىم ئىكەن. تاز ناھايىتى ئىشچان، چېچەن بولغاچقا، ئۇستازىغا ياراپ قاپتۇ، بىراق، ئۇستازى تازنىڭ چېچەنلىكىدىن ئەنسىرىمەيمۇ قالماپتۇ. شۇڭا ئۇنى پەقەت ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغىلا ساپتۇ. ئەمما، تازمۇ بوش كەلمەپتۇ. ئۇ پۈتۈن ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، كېچە ـ كۈندۈز ئۇستازىنىڭ ھۈنىرىنى خۇپىيانە ئۆگىنىپتۇ. بىر جۈمە كۈنى تاز ئۆيىگە بېرىپ ئانىسىغا: «كېلەر جۈمە كۈنى مېنى ئالغىلى بېرىپ ئۇستامغا: ‹ئوغلۇم بىلەن بىر تۇغقۇنۇمنى يوقلىغىلى بارىمەن، دەڭ» دەپتۇ.

موماي جۈمە كۈنى ئوغلىنى ئالغىلى بېرىپتۇ. تاز ئانىسىغا:

— ئانا، ئەمدى پۇرسەت كەلدى. بىزمۇ گادايلىقتىن قۇتۇلايلى! مەن ھازىر بىر ئاتقا ئايلىنىمەن. مېنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىڭ. باھادا تالاشماڭ، ماڭا سالغان چۇلۋۇرنى ئۆزىڭىز قايتۇرۇپ كېلىڭ، — دەپتۇ ـ دە، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ناھايىتى ئېسىل بىر ئاتقا ئايلىنىپتۇ.

موماي ئاتنى بازارغا ساتقىلى ئاپىرىپتۇ. خېرىدارلار ناھايىتى قىزغىن باھا قويۇشۇپتۇ. ئاخىر بىر موللا كىشى ئاتنى سېتىۋاپتۇ. موماي «ئاتنى ساتىمەن، چۇلۋۇرنى ساتمايمەن» دەپ چۇلۋۇرنى قايتۇرۇپ كەپتۇ.

موللا كىشى ئاتنى يېتىلەپ ئىشىكتىن كىرەر ـ كىرمەيلا ئاتنى ماختاپلا كېتىپتۇ. ئۆيدىكىلەر ناھايىتى تەقەززالىق بىلەن ئات ئېغىلىغا كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئات يوق تۇرغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرى سورەن ـ چۇقان سېلىشىپ، ئاتنى تېپىش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە چېپىشىپتۇ. بىراق، ھېچقانداق ئىز ـ دېرىكىنى قىلالماپتۇ. ئەسلي موللا كىشى ئاتنى ئېغىلغا سولاپ قويۇپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىشىگە ئۇ ئات بىر دومىلاپلا ئەسلىگە كېلىپ، ئۆيىگە قايتقانىكەن. شۇ كۈنى مومايىنىڭ ئات سودىسى قىلغانلىقىنى كۆرۈپ قالغان قاسىم ئۇستام تازنىڭ ئۆز ھۈنىرىنى بۇنداق تېز ئۆگىنىۋالغانلىقىغا ھەيران بوپتۇ ـ دە، بىردىنلا ۋۇجۇدىغا ھەسەت ئوتى تۇتىشىپ تازنى ئۇجۇقتۇرىۋېتىش نىيىتىگە كەپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە تاز ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كىرگەن چاغدا ئۇ:

— ئەي تاز، كىچىك ئاۋات دېگەن يەردىكى

قوتاندا قويلىرىم بار. سەن بېرىپ ئىككىنى ئېلىپ كەل. ھازىرلا يولغا چىق، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

تاز ئۇستامنىڭ كۆڭلىدىكى شۇملۇقنى تۇيغاندەك:

— ئۆزلىرىنىڭ كىچىك ئاۋاتتىكى قوتاندا قويلىرىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىمىغانىكەنمەن، — دەپتۇ.

ئۇستام ھىيلىگەرلەرچە ھىجىيىپ:

— سەن تېخى مېنىڭ كۆپ نەرسىلىرىمنى بىلىپ كېتەلمىدىڭ، بارغىن، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، — دەپ تازنى ئالدىرىتىپتۇ.

تاز نائىلاج يولغا چىقماقچى بوپتۇ. ئۇ يول تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندا، قاسىم ئۇستامنىڭ كىچىك قىزى:

— قولۇڭغا كالتەك ئېلىشنى ئۇنۇتما، قوتاننىڭ ئالدىغا بارغاندا، بىر يىرتقۇچ مەخلۇق ئالدىڭغا چىقىدۇ. قولۇڭدىكى كالتەك بىلەن بېشىغا بىرنى ئۇرساڭ، ئۇ كەينىگە يانىدۇ، — دەپ ئۆگىتىپتۇ.

تاز قوتاننىڭ ئالدىغا كەلگەندە، راست دېگەندەك ئەپتى تولىمۇ يىرگىنىشلىك بىر مەخلۇق تازغا ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنى يۇتۇۋەتكىلى تاسلا قاپتۇ. تاز چاققانلىق بىلەن بۇ مەخلۇقنىڭ بېشىغا كالتەك بىلەن تازا كېلىشتۇرۇپ بىرنى ئۇرغانىكەن، ئۇ شۇ زامانلا كەينىگە يېنىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

كەچقۇرۇن تاز قوينى ئېلىپ كەلسە، ئۇستام «ۋاي بېشىم !» دەپ يىغلاۋاتقۇدەك. تاز:

— ئەتىگەنلا ساق ئىدىلىغۇ! — دەپتۇ. ئۇستام تازغا ئالىيىپ قاراپ:

— ئۇخلىغاندىم، تولىمۇ قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. ئويغانسام بېشىم چىدىغۇسىز ئاغرىپ كېتىپتۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. تاز ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ.

يەنە بىر جۈمە كۈنى تاز ئانىسىغا:

— ئانا، مەن بۈگۈن تازا كېلىشكەن بىر تۆگە بولىمەن، بازارغا ئاپىرىپ سېتىڭ. لېكىن، ھەرگىز ئۇستامغا ساتماڭ. مېنى باغلاپ ئاپارغان چۇلۋۇرنى قايتۇرۇپ كېلىڭ، — دەپتۇ. موماي تۆگىنى يېتىلەپ بازارغا ئاپىرىشىغا خېرىدارلار قىزغىن باھا قويۇشۇپتۇ. بىر چاغدا نەدىندۇر قاسىم ئۇستام پەيدا بولۇپ: «تۆگىنى مەن ئالىمەن» دەپ بارلىق خېرىدارلارنى چەتكە قېقىپتۇ. موماي ھەر خىل باھانىلار بىلەن تۆگىنى ئۇستامغا ساتماسلىققا تىرىشىپتۇ. ئەمما، ھېچ كار قىلماپتۇ. ئاخىر ئۇستام تۆگىنى چۇلۋۇرى بىلەن زورمۇزور ئېلىپ، ئۆيىگە سۆرەپ مېڭىپتۇ. كۆڭلىدە بولسا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قېنىنى ئىچىشنى ئويلاپتۇ.

قاسىم ئۇستام ئىشىك ئالدىغا كېلىپ تۆگىنىڭ پۇتلىرىنى چۈشەپتۇ ـ دە، قىزىغا:

— قىڭراقنى ئېلىپ چىق، — دەپ بۇيرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن:

— دادا، تاپالمىدىم — دەپتۇ قىزى. دادىسى:

— ئەمسە پالتىنى ئېلىپ چىق ! — دەپ ۋاقىراپتۇ. قىزىدىن: «تاپالمىدىم» دېگەن جاۋاب چىقىپتۇ.

ئۇستام تۆگىنى ئۆلتۈرۈشكە بولىدىغانلىكى ئائىلە سايمانلىرىنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇپتۇ. قىز ھەر قېتىم: «يوق، تاپالمىدىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. دەر غەزەپكە كەلگەن ئۇستام قىزىنى چاقىرىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا تۆگىنى مەھكەم ساقلاشنى جېكىلەپ قويۇپ، ئۆزى ئۆيىگە پىچاق ئالغىلى كىرىپ كېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا قىز تازغا:

— ھەي تاز، جىم ياتىسەنغۇ؟ ھۈنىرىڭنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشقا سېلىپ قېچىپ كەتمەمسەن؟ — دەپ ئاستا پىچىرلاپتۇ. تۆگە شۇ زامان بىر يۇلقۇنۇپلا كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۆيدىن تۆگىنى ئۆلتۈرگىلى ھېچ نەرسە تاپالمىغان ئۇستام قىزىنىڭ: «دادا، دادا، تۆگە قاچتى!» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن لاچىنغا ئايلىنىپ قوغلاپتۇ. قوغلا، قوغلا ئاخىر كەپتەرگە يېتىشۋالاي دەپ قاپتۇ. بۇ چاغدا كەپتەر بىر دەرەخكە قونۇپ قۇشقاچ بولۇپ ئۇچۇپتۇ. لاچىن قارچۇغا بولۇپ قوغلاپتۇ. قوغلاپ باغ – ۋارانلىرى باراقسان بىر مەھەللىگە كېلىپ قاپتۇ. قۇشقاچ ئازراق ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن بىر باراڭنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇپ ئەتراپنى كۆزىتىپتۇ. قارىسا ئۆزى ئىشلىگەن، پادىشاھنىڭ ھۇپپىدە ئېچىلغان گۈللەر بىلەن تولغان بېغى كۆز ئالدىدا تۇرغۇدەك. قارچۇغا بولسا تام بېشىدا قۇشقاچنى ماراپ ئولتۇرۇپتۇ.

قۇشقاچ بىر ئۇچۇپ باغدىكى گۈللەرنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپ، قىپقىزىل گۈل بولۇپ ئېچىلىپتۇ.

قارچۇغا قاتتىق نادامەت ئىچىدە ھېلىقى گۈللەرنى كۆزىتىپ تۇرغىنىدا، تۇيۇقسىز باغنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئاي خېنىم كىرىپ كەپتۇ. ئۇ گۈللەرنى تاماشا قىلغاچ بېرىپ، ھېلىقى چوغدەك قىزىل گۈلنى ئۈزۈپ قۇلىقىغا قىسىپ چىقىپ كېتىپتۇ. قارچۇغا بولسا خورسىنىپ قويۇپ، خۇرجۇن ئاسقان دىۋانە قىياپىتىگە كىرىپ پادىشاھنىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ.

خىزمەتكارلار ئۇنىڭغا نان بېرىپتۇ، ئالماپتۇ. پۇل بېرىپتۇ، ئالماپتۇ. ئۇلار:

— ساڭا زادى نېمە كېرەك؟ — دەپ سورىغىنىكەن، ئۇ:

— ماڭا خېنىمنىڭ قۇلىقىدىكى قىزىل گۈل كېرەك، — دەپتۇ. خىزمەتكارلار ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، پادىشاھ:

— گادايىنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرۈڭلار، باغدا گۈل كۆپ، — دەپتۇ. ئاي خېنىم ئىشىك ئالدىغا چىقىپتۇ ۋە گۈلنى قۇلىقىدىن ئەمدى ئېلىشىغا گۈل تېرىق بولۇپ چېچىلىپتۇ. دىۋانە بولسا ئون بەش چۈجىسى بار بىر توخۇغا ئايلىنىپ، تېرىقلارنى چوقۇلاشقا باشلاپتۇ. تېرىقلار تېرىلىپ بولغىلى ئاز قالغاندا، خېنىمنىڭ ئايىغى ئاستىدا قالغان بىر دانە تېرىق يوغان بىر مۈشۈككە ئايلىنىپ، توخۇنى چۈجىلىرى بىلەن قوشۇپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاندىن مۈشۈك شۇنداق بىر سىلكىنىپ ئەسلىي قىياپىتىگە كەپتۇ.

ئاي خېنىم خۇددى قورقۇنچلۇق چۈشتىن ئويغانغاندەك ھاڭ قېتىپ قاپتۇ ۋە ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي، «بۇ نېمە كارامەت» دەپ ياقىسىنى چىشلەپتۇ.

تاز مەلىكىگە تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— ئەي مەلىكەم، شاھ ئاتىڭىز ئېيتقان «ئاجايىپ ھۈنەر» دېگەن مانا مۇشۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پادىشاھ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ قىزىنى تازغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ. ئۇ ئىككىسى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇل يارى.



# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

## مۇھەببەت قوشاقلىرى

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇرازاق مۇھەممەتنىياز

يار يالغۇز تۇرامدىكىن؟
مەن بارسام قارامدىكىن؟
يارنى خويمۇ سېغىندىم،
خىيال قىلىپ ياتامدىكىن؟

يارنىڭ قېشىغا بارسام،
يۈرىكىم پوكۇلدايدۇ.
دۈشمەنلەر مېنى كۆرۈپ،
خويمىغۇ كوتۇلدايدۇ.

ئالتە شەدە بارمىكىن
سەن يارىمدەك ئاي چىراي؟
يىلاندەك تولغىنىپ چىقساڭ،
سەندىن قانداق ئايرىلاي.

يارنىڭ يۈلىكى ياردىن،
يارى بولمىسا قايدىن؟
غۇنچە بويلىرى زىلۋا،
شېرىن سۆزلىرى ئاندىن.

شاپتۇل شېخى پەس ئىكەن،
ئۈزۈپ يېمەك تەس ئىكەن.
ئۆز يارى بولغان بىلەن،
بىر كۆرۈشمەك تەس ئىكەن.

تاغلاردىن شامال كېلىپ،
ئالمىلارنى ئىرغايتتى.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
قارا كۆزنى يىغلاتتى.

باغ ئارا باغنىڭ ئوتى،
قىياق ئوت تاغنىڭ ئوتى.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن
يىراقتىكى يار ئوتى.

ئاسماندىكى ئۈچ ئۆردەك،
ئەگىپ ـ ئەگىپ ئۇچساڭچۇ!
يىراقتىكى يارىمغا
سالىمىمنى ئېيتساڭچۇ!

سېرىق سەبدە شېخىدا
سېرىق قۇشقاچ سايرايدۇ.
مېنىڭ شۇ ئوماق يارىم
قىزىل گۈلدەك پۈرايدۇ.

uyghurkitap.com

گۈل شېخىدا سايرىغان
بۇلبۇلگويا ئەمەسمۇ؟
يۈرىكىمنى داغلىغان
مېنىڭ يارىم ئەمەسمۇ؟

ئىشىكىڭدىن ئۆتەرمەن،
مەنزىلىمگە يېتەرمەن.
قەلەم قاشنى كۆرگەندە،
مۇرادىمغا يېتەرمەن.

هويلاڭدىكى ئېرىقىم،
ئېرىقىمدا بېلىقىم.
نەدە يىغلاپ يۈرىسىز،
ئاھ، بىچارە غېرىبىم؟

ناخشا ئېيتىمەن يارىم،
ئۈنۈمدىن تونۇيالامسەن؟
ئاخشاملىقتا كەل دەيسەن،
ۋەدەڭدە تۇرالامسەن؟

ھاۋادىكى بوز لاچىن
گۆشنى كۆرسە پەسلەيدۇ.
غېرىبلىقتا يىراقتا
كۆڭلۈم سىزنى ئەسلەيدۇ.

ئېرىق بولسا، سۇ بولسا،
قاپاق تېرەك ئۆسمەمدۇ؟
ئۆز يارى ياندا بولسا،
كۆڭۈل تاغدەك ئۆسمەمدۇ؟

شامال چىقسا ئەگىيدۇ
ئۆستەڭ بويىدا تېرەك.
ئانچە ـ مۇنچە كەپ تۇرۇڭ،
چىدىمايدىكەن يۈرەك.

يار دەردى يامان ئىكەن،
مەن ئۆرە تۇرالمايمەن.
باراي دېسەم يول يىراق،
ۋاقتىدا كۆرەلمەيمەن.

ئەنتىم بارەي، ئەنتىم بار،
يانچۇقۇمدا قەنتىم بار.
يار ئايرىلىمەن دەيدۇ،
ئايرىلماسقا شەرتىم بار.

بېغىڭغا كىرىۋېلىپ،
ئۈرۈك ئېرغىتاي يارىم.
ناخشامغا قېتىۋېلىپ،
سېنى يىغلىتاي يارىم.

ئاقسۇ يولى يول بولسۇن،
يانتاقلىرى گۈل بولسۇن.
سىزدىن باشقا يار تۇتسام،
ئىككى كۆزۈم كور بولسۇن.

* *

قاتار ـ قاتار سۆگەتنىڭ
سايىسى بولامدىكىن؟
يارغا كۆيگەن يۈرەكنىڭ
تازىسى بولامدىكىن؟

يار بىلەن بارايمۇ مەن؟
يولدا قالايمۇ مەن؟
كۆڭۈل بەرمىگەن يارنىڭ
كۆڭلىنى ئالايمۇ مەن؟

ئىشىك ئالدىدا سېدە،
ئاتقا سەپ بېرەي بېدە.
ۋاپاسىز يار دەردىدە
يۈرىكىم بولدى زېدە.

ئېتىمنى قويۇۋەتتىم
يېڭى چىققان قىياقلارغا.
يار دەردى يامان بولسا،
كېتەي مەن يىراقلارغا.

ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك،
شولا بەرمىگەن يارىم.
ئاغزىدا كۈلۈپ قويۇپ،
كۆڭۈل بەرمىگەن يارىم.

يارىم ئۆزى چىرايلىق،
خۇددى ئايغا ئوخشايدۇ.
كېلىڭ دېسەم كەلمەيدۇ،
كۆڭلى باشقا ئوخشايدۇ.

بوغداي باغلىغان باغلىق،
يارنىڭ قولىدا ياغلىق.
مەن كۆيسەم ساڭا كۆيدۈم،
سېنىڭ كۆيگۈنۈڭ چاغلىق.

ئۈچاڭدىكى كۆڭلەكنى
ئۈمۈرلۈك بولار دەمسەن؟
كۆڭلۈمدىكى يار ئىدىڭ،
ئايرىلسام، ئۆلەر دەمسەن؟

( توپلاپ رەتلىگۈچى ئاقسۇ شەھىرى ئىگەچى ئوتتۇرا مەكتەپتە )

# بالىلار قوشاقلىرى

توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: تۆمۈر قادىر، تۇرسۇنتوختى سۇلايمان

## كەل ئوينايلى

دوست، دوست، دوست دېگىنى،
توقۇپ قويدۇم تالىمىنى.
تالىمىنىڭ رەڭگى ئاق،
كەل ئوينايلى جالدىر ـ جاق.
ئۆتۈپ كەتتىم ئالدىڭغا،
ئىككى يېنىڭغا ئوبدان باق.
غازلار چىقتى ئۆستەڭدىن،
بويۇن سوزۇپ «غاقىر ـ غاق!»
يالغۇز ـ يالغۇز قالمايلى،
بولۇۋالايلى جۈپ قوشماق.
ساڭا قالسۇن تالىمام،
بولسۇن ئويۇن ۋەسسالام.
خۇدايىمنىڭ ئالىمىدە
كۆڭلەك كىيگەن تالىمىدە.

## ئۆزكەنسىز

رەنا قىز، ئۆزكەنسىز،
ياسىن ئاكامغا تېگەمسىز؟
ياسىن ئاكامغا تەگكەندە،
ئەتلەس كۆڭلەك كىيەمسىز؟
ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەندە،
موتۇچىغا① مىنەمسىز؟
موتۇچىغا مىنگەندە،
كىنوخانىغا بارامسىز؟
كىنوخانىغا بارغاندا،
گازىر ـ پۇرچاق چاقامسىز؟
سوراپ باقسام قاچقۇسى بار.
ئوسما قويۇپ ھال تارتماڭ،
سىزدەك قىزدىن نەچچىسى بار.

## يامغۇر ياغدى

يامغۇر ياغدى، قار ياغدى،
شارقىراپ كەتتى.
ئۆتۈكۈمنى مايلىسام،
پارقىراپ كەتتى.
خانىمنى ئانام دەيمەن،
مالىمنى دادام دەيمەن.
ئاتا ـ ئانام ئالدىدا
يۇمشاق ـ يۇمشاق نان يەيمەن.

## ئاكىچىكىڭىز قانداق كىشى

ئۈنچە ـ مارجان چېچىلدى،
تېرىپ بولالماي كەچ بولدى.
قوپۇڭ ئانا، كېتەيلى،
يۇسۇپ باينىڭ ئوچىقىغا
قىيما كۆمەچ كۆمەيلى.
ئاكىچىكامنى قىچقىرىپ،
ئۇنىڭ بىلەن تەڭ يەيلى.
ئاكىچىكىڭىز قانداق كىشى؟
ھەممىدىن ئوبدان كىشى.

## مېنىڭ ئاكام

ئاق كەپتەرمۇ موللاقچى،
كۆك كەپتەرمۇ موللاقچى.
مېنىڭ ئاكام چاقچاقچى،
ھەربىيلىككە بارماقچى.
ھەربىيلىككە بارغاندا،
قولىغا قورال ئالماقچى.
قارا نىيەت دۈشمەننىڭ
بېشىغا چەنلەپ بارماقچى.
مېدال ئېسىپ مەيدىسىگە،
ئۆيگە يېنىپ كەلمەكچى.
ئۆيگە يېنىپ كەلگەندە،
ئۇز خوتۇننى ئالماقچى.
ئۇز خوتۇننىڭ تويلۇقىغا
كەتمەن، تاماق ئالماقچى.
كەتمەن، تاماق ئېپ بولۇپ،
ئېتىزلىققا بارماقچى.
راسا ئىشلەپ ئېتىزغا،
مول ـ ھوسۇلنى ئالماقچى.
مەھەللىمىزنىڭ ئىچىدە
داڭدار بايدىن بولماقچى.

## چىم ـ چىم

چىم ـ چىم، چىماچىم،
سۇنى پۇلغا ساتقىنى كىم؟

① موتۇچى ـــ موتسىكلىت

سۇنى پۇلغا ساتقىنى
دوغاپچىنىڭ چوڭ قىزى.
مۇزخانىدىن ئالغاندەك،
مىجەزى چۈس، توڭ قىزى.
چىمكى – چىمامكى؟
چىلىكى بارمىكى؟
ئۇسسىغاندا ئىچكىلى
بىزگىمۇ سۇ بارمىكى؟
دوغاپچىنىڭ قىزىدا
مېھىر – ۋاپا بارمىكى؟
مېھىر – ۋاپا بولمىسا،
قىز ئۇنى نەدىن تاپا؟
قىز ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ،
باغدىن بىر گۈلنى ئېگەر.
ئاخىرى باغ باققۇچى
موللىقۇۋان تازغا تېگەر.
ئۇ تازنىڭ نېمىسى بار؟
ئالتە – يەتتە قۇشى بار.
قۇشلايلى، قۇشلايلى،
تاز كاللىسىغا مۇشتلايلى.
تاز كاللىسى قانىسا،
قىزىل يىپتا يامايلى.
ئاچچىقى يامان زاغۇن تاز،
گەپ ئاڭلىماس گاژگۈن تاز،
خوتۇنۇڭ بىلەن ئۆيدە قال،
بىزلەر ئاستا يانايلى.

## سىكىنە

سىكىنەيۇ، سىكىنە،
قىرىق كوكۇلۇڭ قېنە؟
سىكىنەمگە توي كەپتۇ،
دولان قۇيرۇق قوي كەپتۇ.
قوينى ھەيدەپ دۆڭنەمگە،
ئېلىپ كەپتۇ مەللەمگە.
مەللىدىكى قىزچاقلار
تاشلىشىپتۇ چاقچاقلار.
قوينى ساناڭ ۋاقتىدا،
خېمىر كېسىڭ تاختىدا.
كىممۇ تېگىدۇ ئەرگە
نارىسىدە ۋاقتىدا
كوكۇلۇڭغا قاراپ قوي،
كەل ئاداشىم، ئويناپ قوي.

## تاققۇ – تۇققۇ

تاققۇ – تۇققۇ،
ئۈنچە – مارجان.
ئالىقوي نەدە؟
تاغدا.
تاغدا نېمە يە؟
ياپچان يە.
ئاغمىلاق، بوغمىلاق،
نان – توقاچ يۇمىلاق.
كۆلدى كۆمەچ،
كۆتەن چىق!

## خەت كەلدى

تىكىلاڭ، تىكىلاڭ ئات كەلدى،
ئات كەينىدىن خەت كەلدى.
خەتنى ئوقۇپ ئولتۇرسام،
مۇنداق يېڭى گەپ كەلدى:
ئاتنى سىلىڭ ئوغلاققا،
دىققەت قىلىڭ موللاققا.
تارتىۋېلىپ ئوغلاقنى،
ساپساق بېرىڭ پەللىگە.
چاۋاك – چاۋاك چالايلى،
كۆڭۈلدىن خۇش بولايلى،
سەن قۇچقان غەلىبىگە.

## ئويناپدىغان بالا بارمۇ ؟

ئاق تاش، كۆك تاش،
دەريادىكى سۈزۈك تاش.
بىر تەكىيدە ئىككى باش،
ئىككىلىسى قەلەمقاش.
شاراقلايدۇ يانچۇقتا
گازىر – پۇرچاق، لوۋيا – ماش.
ئۆستەڭ بېشىدا كالا بارمۇ؟
ئويناپدىغان بالا بارمۇ؟
كەل ئوينايلى، بولساڭ شاش،
قولنى – قولغا تۇتۇشۇپ،
بىللە تەڭ يۈگۈرۈشۈپ،
بولايلى قوشماق ئاداش.

## ئاپتاپ چىق

ئاپتاپ چىق،
كونا چاپاننى سۆرەپ چىق.
ئاپتاپ چىق،
يوغان توپتەك ئۆرلەپ چىق.
ئاپتاپ چىق،
ئاسمىنىڭنى ياماپ چىق.
ئاپتاپ چىق،
ئايىغىڭنى قاماپ چىق.
ئاپتاپ چىق،
يۇلتۇزۇڭنى ساناپ چىق.
ئاپتاپ چىق،
بىز بىلەنمۇ ئويناپ چىق.

## پاتراق تۇرساڭچۇ

گۈلدۈر، گۈلدۈر، گۈلدۈرگەن،
يامغۇر يېغىپ ئۈلگۈرگەن.

يامغۇر شار ـ شار كەتكەندە،
يېتىپ كەلدىم ئۆستەڭگە.
سۇغا چۈشتى ئۆردىكىم،
ھۆل بولۇپتۇ كۆڭلىكىم.
تىترەك باستى، شۈمشەيدىم،
ئېگىلىپ قالدىم، مۈكچەيدىم.
ئۆيگە پاتراق بارمىسام،
ئانامغا يالۋۇرمىسام،
ئاچچىقلايدۇ ئانىكام،
پاتراق قۇرۇق كۆڭلىكىم،
پاتراق قۇرساڭچۇ، پاتراق،
پاتراق قۇرساڭچۇ، پاتراق.

## تۆگىلەر

— تۆگىلەرەي، تۆگىلەر،
— نەگە بارغان تۆگىلەر؟
— تۇزغا بارغان تۆگىلەر.
— تۇزۇڭ نەدە قېپقالدى؟
— تۇزلۇق سايدا ![1] قېپقالدى.
— تاسقاپ ـ تاسقاپ ئەكېلىڭلار.
— تاسقاي دېسەم غەلۋىر يوق.
— غەلۋىر دېگەن ئۆگزىدە.
— چىقاي دېسەم شوتا يوق.
— شوتا دېگەن دەرەختە.
— كېسەي دېسەم پالتا يوق.
— پالتا دېگەن قازناقتا.
— ئاچاي دېسەم ئاچقۇچ يوق.
— ئاچقۇچ دېگەن مىسكەردە.
— ئالاي دېسەم پۇلۇم يوق.
— بىر پۇلۇڭغا بەرمەيدۇ.
— ئىككى پۇلغا ئالغۇم يوق.

## چۆچۈرە قايىنايدۇ

مىس قازاندا چۆچۈرە
ۋاراق ـ ۋاراق قايىنايدۇ.
ئۆگەي ئانام بەرمەيدۇ.
بەرمىسىمۇ بەرمىسۇن،
كۆزۈم ھەرگىز كۆرمىسۇن.

( تۇمۇر قادىر خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ مۇپەتتىشلىكى ئىشخانىسىدا )
( تۇرسۇنتوختى سۇلايمان چىرا ناھىيە چىرا يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى )



① تۇزلۇق ساي — چىرا ناھىيىسىدىكى جاي ئىسمى.


كرامم لار سوراد يلار حضرت رسول الله فرمان
لادى وقتيكه جمعه كيچه سى مؤمنان لار نينك
روح لارى حضرت رب العزت تعالى
دين اجازت تيلاب بو دنياغه شنبه
ارته سى هر روح اوزى نينك جسد
لارى نينك برابريده تورور ينه بير روايت
ده تين كه كورور ديب دور توتنچى
آسمانده آفتاب نينك نورى تمام عالم
غه روشن بولغان غه اوخشه ور روح
عالم ديكى تن لار غه روشنليك بيرور


اكر اندا ق بو ماسا بر موش تفرق دين
نهى قيلادى بو لور ايدى رسول عليه السلام
اول قبه حال لاريدا خبرى يوق ايدى
وقتيكه بو معنى نى بيلدى اننك عذرا
سينى ايتدى وانتيكه نهيتكم عن زيارة
القبور الا فزوروها معنى سى بو دور
يعنى بولدو وكه سيز لارنى نهى قيليديم
قبره لارى زيارت قليش دين
الحال ايمدى زيارت قليكيز لار
QM01-20





شنجاڭ ۋە پەرغانىدە تېپىلغان مازار ھۆججەتلىرى



هوجرىدىكى گۈل (مايبوياق)

دىلمۇرات پەرھات سىزغان


# 源 泉 (布拉克)

(维 吾 尔 文)　　总114期

# بۇلاق

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 114 - سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

新 疆 人 民 出 版 社 编 辑 出 版
(乌 鲁 木 齐 市 解 放 南 路 3 4 8 号)
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌 鲁 木 齐 市 邮 局 发 行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全 国 各 地 邮 局 订 阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国 内 统 一 连 续 出 版 物 号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国 外 发 行 号 :Q1118　邮 政 编 码 :830001
邮 政 代 号 :58-108　定 价 :6.50元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژورنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى:830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108-58　باھاسى: 6.50 يۈەن